# دُرُوْسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّة لغيرالناطقين بها

(مع القواعد النحوية وترجمة النصوص)

الدكتور ف.عبدالرحيم

## الجزء الثالث

الناشر: الجامعة الإسلامية بالمدينة المنورة



بسم الله الرحمن الرحيم

# أَيُّهَا الطُّلّاَبُ!

## لِمَاذَا نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ؟

## نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ لِنَفْهَمَ الْقُرْآنَ الْكَرِيْمَ وَالْحَدِيْثَ النَّبَوِيَّ الشَّرِيْفَ.

الدّال على الخير كفاعله

# مقدمة

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين، والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين، نبيّنا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين، ومن تبعهم بإحسان إلى يوم الدين.

أمّا بعد: فهذا هو الجزء الثالث من كتاب "دروس اللغة العربية لغير الناطقين بها"، وهو ليس كتاب نحو فحسب، إنما هو كتاب شامل لتعليم اللغة العربية بنحوها وصرفها ومفرداتها وجوانبها الأخرى، فينبغي أن يعني بهذه الجوانب كلها عند الشرح. ونرى أن يراعي المعلم الأمور الآتية عند تدريس هذا الكتاب:

1- يمهِّد للمسائل الرئيسة الواردة في الدرس من غير النظر في الكتاب.

2- يقرأ الدرس، وفي أثناء القراءة يشير إلى المسائل التي سبق أن شرحها، ويشرح المسائل الفرعية التي لم يتطرَّق إليها في التمهيد، ويوجّه إلى الطلاب أسئلة للتأكد من فهمهم هذه المسائل.

3-يقوم مجموعات من الطلاب بتمثيل الدرس.

4-يشترك الطلاب في حلّ جميع التمارين شفويّاً، ويحلُّونها تحريرياً خارج الفصل.

والله نسألك أن يوفقنا جميعاً لخدمة دينه، ولغة كتابه.

مدينة الرسول صلى الله عليه وسلم

غرة المحرَّم 414 هـ

ف. عبد الرحيم

# (1) الدرّس الأول

## الإعراب والبناء

### (أ) في الأسماء

**الاسْم إما مُعربٌ وإمَّا مَبْنِيٌّ**

. ئىسىم مۇئرەب (تۈرلىنىدىغان) ئىسىم ۋە مەبنى (قاتقان) ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**فالمعربُ ما تَغَيَّرَ آخِرُه بِسَبَبِ العامِلِ نحو:**

مۇئرەب ئىسىم ــ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىلىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگىرىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| جَاءَ الْمُدَرِّسُ | مَرْفوعٌ | (باش كېلىش) |
| سَأَلْتُ الْمدرسَ | مَنصوبٌ | (چۈشۈم كېلىش) |
| سَلَّمْتُ عَلَى الْمُدَرِّسِ | مجرورٌ | (ئىگىلىك كېلىش) |

**والمبني مالا يتغير آخِرُه بسبب العامِلِ نحو:**

مەبنى ئىسىم ــ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىلىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| جَاءَ هؤُلَاءِ | في مَحَلِّ رَفْعٍ | (باش كېلىش ئورنىدا) |
| سَأَلْتُ هؤِلَاءِ | في محلِ نصبٍ | (چۈشۈم كېلىش ئورنىدا) |
| سَلَّمْتُ عَلَى هَؤُلَاءِ | في محلِ جرٍّ | (ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا) |

دېگەنگە ئوخشاش.

## المعربُ والمبنيُّ من الأسماءِ:

مۇئرەب (تۈرلىنىدىغان) ۋە مەبنى (قاتقان) ئىسىملار:

### الأسماءُ كلُّها معربةٌ ما عدا الفِئاتِ الآتية:

مەبنى ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى مۇئرەب ئىسىملاردۇر:

(1)الضّمائر مثل: هو، هم، أنت، أنتم، أنا، ذهبت، قالوا (هذه ضَمائِرُ الرَّفع)

رأيته، أسألك، ضربني (هذه ضَمائِرُ النَّصْب)

كتابه، دفترها، اسمك، عليها، لنا (هذه ضمائر الجرِّ)

كىشىلىك ئالماشلار: بۇ هُوَ، هُمْ، أَنْتَ، أَنَا، ذَهَبْتُ، قَالُوْا ... لارغا ئوخشاش باش كېلىش ئالماشلىرى؛ رَأَيْتُه، أَسْأَلُك، ضربني ... لارغا ئوخشاش چۈشۈم كېلىش ئالماشلىرى؛ كِتَابُهُ، دَفْتَرُهَا، اسمُك، عَلَيْهَا، لَنَا ... لارغا ئوخشاش ئىگىلىك كېلىش ئالماشلىرىنى كۆرستىدۇ.

(2)أسماء الإشارة، مثل: هذا، هذه، ذلك، أولئك. ("هَذانِ وهاتانِ " مُعْرَبانِ).

كۆرسىتىش ئالماشلىرى: بۇ هٰذَا، هٰذِه، ذٰلِكَ، تِلْكَ، أُوْلٰئِكَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ (هٰذَان، هَاتَان، ذانِك، تَانِكَ قاتارلىق ئىككىلىك شەكىللىرى بولسا تۈرلىنىدىغان مۇئرەب ئىسىمغا تەۋەدۇر).

(3)الأسماء الموصولة، مثل: الذي، التي، الذين، ("اللذان واللتان " معربان).

نىسبىي ئالماشلار: بۇ اَلَّذِيْ، اَلَّتِيْ، اَلَّذِيْنَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قاتقان ئىسىمدۇر، (لېكىن «اَللَّذَانِ» ۋە «اَللَّتَانِ»دىن ئىبارەت ئىككىلىك شەكلى تۈرلىنىدىغان ئىسىمدۇر.)

(4) **أسماء الاستفهام، مثل: مَنْ، أَيْنَ، ما، متى، كيف.**

سوراق ئالماشلىرى: بۇ مَنْ، مَا، مَتَى، أَيْنَ، كَيْفَ ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

(5) **بعض الظروف، مثل: إذا، الآن، حيثُ، أمسِ.**

بىر قىسىم رەۋىشلەر: بۇ إِذَا، اَلْآنَ، حَيْثُ، أَمْسِ ... قاتارلىق بىر قىسىم رەۋىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(6) **أسماء الأفعال، مثل: آمينْ، أُفٍّ، آهِ.**

پېئىلنامىلار: بۇ أَمِيْنْ، أُفٍّ، آهِ ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

(7) **الأعداد المركبة، مثل: أَحَدَ عَشَرَ، تسْعَةَ عَشَرَ، الثالثَ عَشَرَ.**

**(الجزء الأول من "اثْنا عَشَرَ" معربٌ، نحو:**

**يدرس في الفصل اثنا عَشَرَ طالباً.**

**رأيت اثْنَيْ عَشَرَ طالباً.**

**هذا الطعام لِاثْنَيْ عَشَرَ طالباً)**

11دىن 19غىچە بولغان بىرىكمە سانلار: بۇ أَحَدَ عَشَرَ، الثَّالِثَ عَشَرَ، ... تِسْعَةَ عَشَرَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما، بۇلار ئىچىدىن پەقەت «اِثْنَا عَشَرَ»نىڭ بىرىنچى بۆلىكى تۈرلىنىدىغان ئىسىمغا تەۋەدۇر. مەسىلەن:

يَدْرُسُ فِي الْفَصْلِ اِثْنَا عَشَرَ طَالِبًا (باش كېلىش ھالىتىدە)
(سىنىپتا 12 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ)

رَأَيْتُ اِثْنَيْ عَشَرَ طَالِبًا (چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە)
(مەن 12 ئوقۇغۇچىنى كۆردۈم)

هَذَا الطَّعَامُ لاثْنَيْ عَشَرَ طَالِبًا (ئىگىلىك كېلىش ھالىتى)
(بۇ تاماق 12 ئوقۇغۇچىنىڭ)

## عَلاماتُ الإِعراب الأصْلِيَّةُ والفَرْعِيَّةُ:

## ئىسىملاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

### علاماتُ الإِعَراب الأصْلِيَّةُ في الاسمِ:

ئىسىملاردىكى ئەسلى ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

الضَّمَّةُ(ـُـ): وهي عَلامةُ الرَّفْعِ. ئۇ باش كېلىشنىڭ بەلگىسى.

الفَتْحَةُ (ـَـ) : وهي علامةُ النَّصْبِ. ئۇ چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى.

الكَسْرَةُ(ـِـ): وهي علامةُ الجَرِّ. ئۇ ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى.

### وهناك علاماتٌ أُخْرى فَرْعِيَّةٌ ،

بۇ يەردە باشقا قوشۇمچە بەلگىلەر بولۇپ ئۇلار ئىسىملاردىكى قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

وهي في الأنْوَاعِ الآتية من الأسْماءِ:

ئىسىملاردىكى قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى تۆۋەندىكى ئىسىملاردا بولىدۇ:

(1)جَمْع المؤنثِ السالمِ :علامةُ النصب فيه الكسرة نحو: خلقَ اللهُ السَّمَواتِ والأرضَ

ساغلام ئاياللىق كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنىڭ زەبەر ئوقۇلغانلىقـــنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ زېرلىك ئوقۇلۇشىدۇر. مەسىلەن:

خَلَقَ اللّٰهُ السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضَ (ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى) دېگەنگە ئوخشاش.

(2)المَمْنوع من الصَّرْفِ :علامة الجر فيه الفتحة، نحو: اِذْهبْ إلى فِرْعَوْنَ.

تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنىڭ زېر ئوقۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ زەبەرلىك ئوقۇلۇشىدۇر. مەسىلەن:

إِذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ　　(سەن پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا بارغىن)
دِيگەنگە ئوخشاش.

3) الأسماء الخمسة :وهي: أَبُوك، أَخُوك، حَمُوك، فُوك، ذُو. كُلُّ العلاماتِ فيها فرعية.

وهي:

نحو :أجاء أبوك؟　　علامةُ الرفعِ الواوُ

نحو :أعرف أباك.　　علامةُ النصب الأَلِفُ

نحو: أين سيارة أبيك؟　　علامةُ الجرِّ اليَاءُ

(ئىئرابى ئۆزگەرسە، ئاخىردىكى ھەرپمۇ تەڭ ئۆزگىرىدىغان) بەش ئىسىم (أَخُوكَ، أَبُوكَ، حَمُوكَ، فُوكَ ۋە ذُو مال)دىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. ئۇلار:
باش كېلىشىنىڭ بەلگىسى ـــ «و»دۇر. مەسىلەن:

أَجَاءَ أَبُوْكَ　　(داداڭ كەلدىمۇ)
دېگەنگە ئوخشاش.

چۈشۈم كېلىشىنىڭ بەلگىسى ـــ «ا» (ئەلىف)تۇر. مەسىلەن:
أَعْرِفُ أَباكَ　　(مەن داداڭنى تونۇيمەن)
دېگەنگە ئوخشاش.
ئىگىلىك كېلىشىنىڭ بەلگىسى ـــ «ي»دۇر. مەسىلەن:
أَيْنَ سَيَّارَةُ أَبِيْكَ؟　　(داداڭنىڭ ماشىنىسى قەيەردە؟)
دېگەنگە ئوخشاش.

تُعْرَبُ الأسماءُ الخمسةُ بهذه العلامات إذا كانت مُضافَةً إلى غير ياءِ المُتَكَلِّمِ، وإلا أُعْرِبَتْ بالعلامات الأَصْلِيَّةِ، نحو :

لي أَخ

سألت أخاً

أنت كأخٍ

ئەگەر بۇ بەش ئىسىم مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس)نىڭ «ي»سىدىن باشقا ئىسىمغا ئىزاپەت بولۇپ كەلسە، بۇ بەلگىلەر بىلەن ئىئراب قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، باشقا ئىسىملارغا ئىزاپەت قىلىنمىسا، ئەسلى بەلگىلىرى بىلەن ئىئراب قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن:

لِي أَخٌ (مېنىڭ قېرىندىشىم بار) باش كېلىش ھالىتى
سَأَلْتُ أَخًا (مەن قېرىنداشنى سورىدىم) چۈشۈم كېلىش ھالىتى
أَنْتَ كَأَخٍ (سەن قېرىنداشقا ئوخشاش) ئىگىلىك كېلىش ھالىتى
دېگەنگە ئوخشاش.

(4) جمع المذكر السالم: كل العلامات فيه فرعية. وهي:
ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك ئىسىملاردىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
بۇ ئىسىملاردىكى باش كېلىشنىڭ بەلگىسى ــــ «و»دۇر. مەسىلەن:
دخل المُدَرِّسونَ. (ئوقۇتقۇچىلار كىردى) علامة الرفع الواو
چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى ــــ «ي»دۇر. مەسىلەن:
سألت المدرسينَ (مەن ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىدىم) علامة النصب الياء
هذه غرفة المدرسين. (بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتىقى) علامة الجا الياء

(5) المُثَنّى: كل العلاماتِ فيه فرعية. وهي:
ئىككىلىك ئىسىملاردىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
باش كېلىشنىڭ بەلگىسى ــــ «ا» ۋە «ن»دۇر. مەسىلەن:
غاب طالِبانِ. (ئىككى ئوقۇغۇچى يوقاپ كەتتى) علامةُ الرفع الأَلِفُ
چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى ــــ «ي» ۋە «ن»دۇر. مەسىلەن:
طلب المدير طالِبَيْنِ. (مۇدىر ئىككى ئوقۇغۇچىنى چاقىردى) علامة النصب الياءُ
هذه الغرفة لطالِبَيْنِ (بۇ ياتاق ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ) علامة الجرِّ اليَاءُ

## الإعرابُ التَّقْدِيريُّ:

## تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار

**لا تَظْهَرُ علاماتُ الإِعراب في ثلاثة أنواع من الأسماء، فَتُقَدَّرُ فيها العلاماتُ. وهذه الأنواعِ هي: المَقْصورُ، والمَنْقوصُ، والمُضافُ إلى ياءِ المُتَكَلِّمِ.**

ئۈچ خىل ئىسىمدا ئىئرابنىڭ بەلگىسى ئاشكارا بولمايدۇ، بەلكى تەقدىرىي بولىدۇ. ئۇلار: مەقسۇر (مَقْصُور) ئىسىم، مەنقۇس (منقوص) ئىسىم ۋە مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سىغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

**(1) المَقْصُورُ: هو الاسمُ المعربُ الذي آخرُه أَلِف لازِمَةٌ ، نحو: المُسْتَشْفَى . الفَتَى. العَصَا.**

مەقسۇر ئىسىم ـــ ئاخىرىغا «ا» ئۇلانغان ھالەتتە تۇرلىنىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

مەسىلەن: اَلْمُسْتَشْفَى، اَلْفَتَى، اَلْعَصَا ... دېگەنگە ئوخشاش.

**تُقَدَّرُ فيه العلاماتُ الثَّلاثُ، نحو: قتل الفَتَى الأفْعَى بالعَصَا**

بۇ خىل ئىسىملاردا ئۈچىلى خىل ئىئرابنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن:

قَتَلَ الْفَتَى الْأَفْعَى بِالْعَصَا(يىگىت يىلاننى ھاسا بىلەن ئۆلتۈردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هذه الكلمات:**

بۇ سۆزلەرنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**الفَتى : (فاعلٌ مرفوعٌ ، علامةُ رَفْعِهِ ضَمَّةٌ مُقَدَّرَةٌ)**

«اَلْفَتى» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پېشتۇر (يەنى بۇ سۆز ئاشكارا پېشلىك ئوقۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن پېشلىك ئوقۇلدى دەپ پەرەز قىلىنىدۇ).

**الأفعى : (مَفْعولٌ به منصوبٌ ، علامة نصبه فتحةٌ مُقَدَّرَةٌ)**

«اَلأَفْعى» ـــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زەبەردۇر.

**العصا : (مجرورٌ بـ (الباء)، علامةُ جره كسرةٌ مقدرة)**

«اَلْعَصا» ـــ «ب»دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشۇمچىسى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

**(2) المَنْقُـوص :هو الاسمُ المعـرب الـذي آخـرُه ياءٌ لازِمَـةٌ مكسورٌ ما قَبْلَها، نحو :القاضِي، المحامِي، الثانِي، الماضِي، الوادِي، المعانِي.**

مەنقۇس ئىسـم ـــ ئاخىرىغا ئالدى زىر ئوقۇلغۇچى سـۆكۇنلۇق «ي» ئۇلانغان ئىسـمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: اَلْقَاضِـي، الْمحامِي، الْماضِـي، الْوادِي، المعانِي ... دېگەنگە ئوخشاش.

**تقدر فيه الضـمَة والكسـرة، وتظهر فيه الفتحة نحو :سـأل القَاضِـيْ المُحَامِيَ عن الجَانِيْ.**

بۇ خىل ئىسىملاردا پېش بىلەن زىر پەرەز قىلىنىدۇ، زەبەر ئاشكارا بولىدۇ. مەسىلەن:

سَأَلَ الْقَاضِيْ الْمُحَامِيَ عَنِ الْجَانِيْ

(سوتچى ئادۋوكاتتىن جىنايەتچى توغرىلىق سورىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هذه الكلمات:**

بۇ سۆزلەرنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**القاضِيْ : (فاعلٌ مرفوعٌ ، علامة رفعه ضمةٌ مُقَدَّرَةٌ)**

«اَلْقَاضِـي» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشــتە كەلگەن. ئۇنىـڭ بـاش كېلىشــتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پېشتۇر.

**المحامِيَ : (مفعولٌ به منصوبٌ ، علامةُ نصبه فتحةٌ ظاهِرةٌ)**

«الْمحامِي» ـــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشـۈم كېلىشــتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشـۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاشكارا زەبەردۇر.

**الجانِيْ (مجرورٌ بـ (عنِ)، علامةُ جرّه كسرةٌ مقدرةٌ)**

«الْجاني» ـــ «عن»دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشـۇمچىسـى سـەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشــتە كەلگەن سـۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشـتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسـى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

**وقد يكون المنقوصُ محذوفَ الياءِ، نحو: ذهبَ قَاضٍ إلى مُحَامٍ** [1]

بەزىدە مەنقۇس ئىسمنىڭ «ي»سى چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبَ قَاضٍ إِلَى مُحَامٍ (سوتچى ئادۋوكاتنىڭ يېنىغا باردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هاتَيْن الكلمتين:**

---

(1) مەنقۇس ئىسمنىڭ «ي»سى مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە چۈشۈپ كەتمەيدۇ:

(1) بېشىغا «ال» كىرگەن ھالەتتە: «اَلْقَاضِيْ»غا ئوخشاش؛

(2) ئىزاپەتلىك بىرىكمىدىكى ئىبنىقلانغۇچى (مضاف) بولسا: «قَاضِيْ مَكَّةَ»غا ئوخشاش.

(3) چۈشۈم كېلىشتە كەلسە: «سَأَلْتُ قَاضِيًا»غا ئوخشاش.

بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**(قاضٍ) : فاعلٌ مرفوعٌ ، علامة رفعه ضمةٌ مقدرةٌ على الياء المَحْذُوفةِ.**

«قاضٍ» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشــتە كەلگەن. باش كېلىشــتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى تاشلانغان «ي»غا پەرەز قىلىنغان پىشتۇر.

**مُحَامٍ : (مجرورٌ بِـ (إلى)، علامة جره كسرةٌ مقدرةٌ على الياء المحذوفة) .**

«مُحامٍ» ـــ «إلى» دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشــۇمچىســى ســەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى تاشلانغان «ي»غا پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

**(3) المضُافُ إلى ياءِ المتكلمِ، نحو :زميلِي**

مۇتەكەللىمنىڭ «ي»ســغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىســم: بۇ «زَمِيلِيْ»گە ئوخشــاش سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**تقَدَّرُ فيه العلاماتُ الثلاثُ، نحو : دعا جَدِّي أُسْتاذِي مع زُمَلائِي.**

بۇ خىل ئىسىملاردا ئۈچ خىل ئىئرابنىڭ ھەممىسى پەرەز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دعا جدي أُستاذي مع زملائي

(بوۋام ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇستازىمنى چاقىردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تقول في إعراب هذه الكلمات:**

بۇ سۆزلەرنىڭ ئىئرابىدا مۇنداق دەيسىز:

**جَدِّ :(فاعل مرفوع، علامة رفعه ضمة مقدرة. والياء مضاف إليه.)**

«جدي» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشــتە كەلگەن. باش كېلىشــتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پىشتۇر.

**أُستاذِ (مفعول به منصوب، علامة نصبه فتحة مقدرة. والياء مضاف إليه.)**

«أُســتاذي» ـــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشــۈم كېلىشــتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشــۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زەبەردۇر.

**زُمَلاءِ :(مضاف إليه مجرور، علامة جره كسرة مقدرة** [2] **والياء مضاف إليه) .**

«زملائي» ـــ «مع» بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمەنلىكى سەۋەبلىك ئىگــىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلــگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

[2] بەزى نەھۋىيۇنلار بۇ زىرنى ئاشكارە زىر دەپ قارايدۇ

## عَلاماتُ الإِعْرَاب الأَصْلِيَّةِ والفَرعيَّةِ (في الاسْم)

## ئىسملاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

| الحَالة الإعْرَابية | العَامل | الاسم ذو علامات الإعراب الأصلية | جمع المؤنث السَّالم | المثَنى | جمع المذكر السالم | ممنوع من الصّرف | الأسَماء الخمسة |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| المرفُوع | جَاء | الأَبْنَاءُ | وَالبنَاتُ | والوَالِدانِ | وَالأقربونَ | وإبراهيم | وأخوُه |
| علامة الرفع | | الضمة | الضمة | الألف | الواو | الضمة | الواو |
| المنصُوب | رَأيت | الأبنَاءَ | وَالبنَاتِ | والوالدَين | والأقرَبينَ | وإبرَاهِيمَ | وَأَخَاه |
| عَلامة النصْب | | الفتحَة | الكسرةِ | اليَاء | اليَاء | الفتحَة | الألف |
| المجرُور | سَلّمت على | الأبناءِ | والبنات | الوالديَنِ | وَالأقربينَ | إبراهيم | وَأخيهِ |
| عَلامة الجَر | | الكسرة | الكسرة | الياء | اليَاء | الفتحة | اليَاء |

# الإعرَابُ التَقْدِيرِي

## تەقدىرى ئیئراب

| الحَالة الإعْرَابية | العَامل | المضاف إلى الياء المتكلم | المنقوص | المقصور |
|---|---|---|---|---|
| المرفُوع | جَاء | صَدِيقيْ | المُحَامِيْ | المرتَضى |
| علامة الرفع | | ضمة مقدّرة | ضمة مقدّرة | ضمة مقدّرة |
| المنصُوب | رَأيت | صدِيقيَ | المُحامِيَ | المرتضى |
| عَلامة النصْب | | فتحة مُقدّرة | فتحة ظاهِرَة | فتحة مقدّرة |
| المجرُور | سَلّمت على | صَدِيقيْ | المُحَامِيْ | المرتَضى |
| عَلامة الجَر | | كسْرة مقدّرة | كسْرة مقدّرة | كسْرة مقدّرة |

العلامات الأصليَّة، والفرعية، والظاهرة، والمقدَّرة

المرفوع حَضر الأبناءُ / والبناتُ، والوالدانِ، والأقربونَ، وإبراهيمُ وأخوه/ وصَديقِي المُحامي المرتضى.

المنصوب :دَعَوتُ/ الأبناءَ، والبناتِ، والوالدَيْن، والأقربِينَ، وإبراهيمَ، وأخاهُ/ وصَديقِيَ المُحامي المرتَضى.

المجرور :اتَّصلْتُ بالأبناءِ/ والبناتِ، والوالدَيْن، والأقربِينَ، وإبراهيمَ، وأخيه/ وصَديقي المُحامِي المرتَضى.

# تمارين

(1) عَيّنَ المُعْرَب والمَبْنِي فيما يأتي:

كتاب .هذا. حامد. مساجد. هو. أنا. سيارة. الذي .أمس. الجامعة. مسلمان. مسلمات.

هذان. الآن .اللتان. مَنْ. اللّه. أربعة عشر. أربعة .آمين.

(2) ما علامات الإعراب الأصلية في الاسم؟

(3) ما علامات الإعراب الفرعية في:

(1)الأسماء الخمسة.

(2)وجمع المذكر السالم.

(3)والمثنى؟

(4)ما علامة الجر في الممنوع من الصرف؟

(5)ما علامة النصب في جمع المؤنث السالم؟

(6)هات مثالاً للمقصور، واجعله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأولى، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(7)هات مثالاً للمنقوص الثابت الياء وأدخله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأولى، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(8)هات مثالاً للمنقوص المحذوف الياء، وأدخله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأولى، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(9)هات مثالاً للمضاف إلى ياء المتكلم، وأدخله في ثلاث جمل على أن يكون مرفوعاً في الأول، ومنصوباً في الثانية، ومجروراً في الثالثة.

(10)أعرب ما تحته خط:

(1)يحب الله المتقين.
(2)خلق الله السماوات والأرض.
(3)افتح فاك.
(4)أين سيارة أبيك.
(5)حفظت سورتين.
(6)أعرف قاضى مكة.
(7)خرج الجرحى من المستشفى.
(8)أخذ صديقي كتابي من حقيبتي.
(9)اشتريت هذا بِخَمْسَةَ عَشَرَ ريالاً.
(10)أنا محام.

## المَرْفوعاتُ من الأسماءِ (باش كىلىشتە كەلگەن ئىسىملار)

(1)و(2) المُبْتَدَأُ والخَبَرُ: اللهُ أكبرُ.

(3)اِسْمُ كانَ : كان البابُ مفتوحاً.

(4)خبرُ إنَّ: إنَّ اللهَ غفورٌ.

(5)الفاعلُ: خَلَقَنا اللهُ.

(6)نائِبُ الفاعلِ: خُلِقَ الإنسانُ من طين.

دائىم باش كېلىشتە كېلىدىغان (يەنى جۈملىدە ئاخىرى پىشلىك ئوقۇلىدىغان) ئىسىملار ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: 1) ئىگە؛ 2) خەۋەر؛ 3) «كان»نىڭ ئىسمىسى؛ 4) «إنَّ»نىڭ خەۋىرى؛ 5) پائىل؛ 6) ۋەكىل پائىلدىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاخىرى پىشلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

## المَنْصوباتُ من الأسماءِ(چۈشۈم كىلىشتە كەلگەن ئىسىملار)

(1)اسمُ إنَّ: إنَّ اللّهَ غَفُورٌ.

(2)خبرُ كانَ: كان الطعامُ لذيذاً.

(3)المفعولُ به: فهمت الدرسَ.

(4)المفعولُ فيه: سافر أبي ليلاً . جلس المدرس عِنْدَ المدير.

(5)المفعولُ لأجْلِهِ: ما خرجت من البيت خَوْفاً من الحرّ.

(6)المفعولُ مَعَهُ: سَافرت وبِلالاً.

(7)المفعولُ المُطْلَقُ: يقرأ حامد قراءةً جَيِّدَةً.

(8)الحَالُ: جَدِّي يُصَلِّي قاعِداً.

(9)التَّمْيِيْزُ: أنا أكبر منك سِنّاً.

(15)المُستَثْنَى: حضر الطلاب كلُّهم إلا حامداً.

(11)المُنَادَى: يا عبدَ الله.

دائم چۈشۈم كېلىشتە كېلىدىغان (يەنى جۈملىدە ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان) ئىسىملار 11 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: 1) «إنَّ»نىڭ ئىسمىسى؛ 2) «كان»نىڭ خەۋىرى؛ 3) تولدۇرغۇچى (مفعول به)؛ 4) ئورۇن ۋە ۋاقىت تولدۇرغۇچىلىرى (رەۋىشلىرى)؛ 5) سەۋەب تولدۇرغۇچىسى؛ 6) ھەمراھلىق تولدۇرغۇچىسى؛ 7) مەنبەداش تولدۇرغۇچى؛ 8) ھالەت تولدۇرغۇچى؛ 9) پەرقلەندۈرگۈچى؛ 10) مۇستەسنا قىلىنغۇچى؛ 11) چاقىرىلغۇچى (منادى)دىن ئىبارەت.
دېمەك، بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاخىرى زەبەرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

## المجرورات (ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار)

(1)المضافُ إليه: القرآن كتاب اللّهِ.

(2)المَسْبوقُ بحرفِ جَرٍّ: الطلاب في الفصلِ.

دائىم ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدىغان ئىسىملار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: 1) ئىزاپەتلىك بىرىكمىدىكى ئېنىقلىغۇچى؛ 2) ئالدىغا زىر قىلىش قوشۇمچىسى (حرف جرّ) كىرگەن ئىسىمدىن ئىبارەت.
يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەرقايسى ئىسىم تۈرلىرىنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلىرىمىزدە سۆزلىنىدۇ، ئاللاھ خالىسا.

# التوابع– (ئەگەشكۈچىلەر)

التَّابعُ هو الاسمُ الْمُشَارِكُ لِما قَبْلَهُ في إعرَابِهِ مُطْلَقاً. وهو على أربعة أنواع :النَّعْت، والتَّوْكيد، والعَطْف، والبَدَل.

ئەگەشكۈچى (تَابع) ـــ ئىئراب جەھەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسىمغا شەرتسىز ئەگىشىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت.
ئەگەشكۈچىلەر تۆت تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار: 1) سۈپەت؛ 2) تەكىت؛ 3) باغلانغۇچى (عطف)؛ 4) بەدەل (ئىزاھلىغۇچى)دىن ئىبارەت.
دېمەك، بۇلارنىڭ ئىئرابى ھەردائىم ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئىسىمنىڭ ئىئرابى بىلەن ئوخشاش ھالەتتە كېلىدۇ.

وإليك الأمثلة:

(1)النعت:

المرفوع: أَحَضَر الطالبُ الجديدُ؟

المنصوب: يطلب المديرُ الطالبَ الجديدَ.

المجرور: هذا دفتر الطالبِ الجديدِ.

(2)التَوْكيد:

| | | |
|---|---|---|
| المرفوع : | حضر الطلاب كلُّهم. | قال لي هذا المديرُ نَفْسُه. |
| المنصوب: | سألت الطلاّبَ كلَّهم. | سألت المديرَ نفسه. كلِّهم. |
| المجرور : | سلّمت على الطلابِ كُلِّهم | سلّمت على المديرِ نفِسِه. |

(3)العطف: [4]

المرفوع: خرج حامد وصديقُه.

المنصوب: طلب المديرُ حامداً وصديقَه

المجرور: أين كُتُبُ حامدٍ وصديقِه؟

(4)البدل:

| | | |
|---|---|---|
| المرفوع : | أنجح أخوك هاشم؟ | أنجح هذا الطالبُ؟ |
| المنصوب : | أَعْرِفُ أخاك هاشماً. | أَعْرِفُ هذا الطالبَ. |
| المجرور : | أين غرفة أخيك هاشمٍ؟ | أين غرفة هذا الطالبِ؟ |

## (ب) في الأفعال

### المعرب والمبني من الأفعال:

### مۇئرەب پېئىللار ۋە مەبنى پېئىللار توغرىسىدا

**الفعل الماضِي وفِعْلُ الأَمْرِ مَبْنِيّانِ.**

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سىغىلىرى (پېئىل شەكىللىرى) بىلەن بۇيرۇق (ئەمرى) سىغىلىرى مەبنى پېئىل ھېسابلىنىدۇ.

**والفعلُ المضارعُ معربٌ (إلا إذا اتصلتْ به نونُ النِّسْوَةِ فيكون مبنياً ) نحو:**

پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان سىغىلىرى مۇئرەب پېئىل ھېسابلىنىدۇ (ئەمما، كەلگۈسى زامان سىغىلىرى ئىچىدىن ئاياللىق پائىلنىڭ «ن»نى بىلەن تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلىنىپ كەلگەنلىرى مۇئرەب پېئىل ئەمەس، بەلكى مەبنى پېئىلدۇر). مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| أَفْهَمُ هذَا الدَّرْسَ | ( مرفوع ) | باش كېلىش ھالىتى |
| أُرِيْدُ أَنْ أَفْهَمَ هذا الدَّرْسَ | (منصوب) | چۈشۈم كېلىش ھالىتى |
| لَمْ أَفْهَمْ هذا الدَّرْسَ | (مجزوم) | جەزملىك ئۇقۇلۇش ھالىتى |

## علاماتُ الإِعرابِ الأصليةُ والفرعيةُ:

## مۇئرەب پېئىللاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

علامات الإِعراب في المضارع ثلاث، وهي:

مۇئرەب كېلىدىغان زامان پېئىللاردىكى ئەسلى ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

الضمة (ـــُ): وهي علامة الرفع. ئۇ باش كېلىشنىڭ بەلگىسى.

الفتحة (ـــَ): وهي علامة النصب. ئۇ چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى.

السّكُونُ(ـــْ): وهي علامة الجَزْمِ. ئۇ جەزملىك ئوقۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

وهناك علامات أخرى فرعية، وهي في الأنواع الآتية من الفعل:

تۈۋەندىكىلەر پېئىللاردىكى قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

1ـ الأفعال الخمســـــة: علامة الرفع فيها ثُبوتُ النونِ، وعلامة النصـــب والجزم حَذْفُ النونِ. نحو:

بەش پېئىل (پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ن» قوشــۇلغان بەش سـغىسـى) دە باش كېلىشــتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ تۇرۇشىدۇر. مەسىلەن:

أَيَذْهَبُوْنَ إِلَى السُّوْقِ؟ (ئۇلار بازارغا بارىدىمۇ؟)

چۈشــۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشــتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىســى ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ چۈشۈپ كېتىشىدۇر. مەسىلەن:

أَتُرِيْدُوْنَ أَنْ تَذْهَبُوا ؟ (سىلەر بېرىشنى خالامسىلەر)

أَلَمْ تَذْهَبِى إِلَى الْمَدْرَسَةِ يَا مَرْيَمُ؟ (ئى مەريەم! مەكتەپكە بارمىدىڭمۇ؟)

2ـ الفعل الناقص: علامة الجزم فيه حَذْفُ آخرِه، نحو:
ناقس پېئىللاردا ئاخىرقى ھەرپىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئۇنىڭ جەزملىك ھالەتتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. مەسىلەن:

لَمْ يَمْشِ  لَمْ يَدْعُ  لَمْ يَنْسَ

## الإعراب التَّقْدِيرِيُّ:

## پېئىللاردىكى تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار توغرىسىدا

**تُقَدَّرُ:**
پېئىللاردىكى تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار تۆۋەندىكى پېئىللارغا تەقدىر قىلىنىدۇ.

**1–علامةُ الرَّفْعِ في الفعل الناقص، نحو: يَمشي، يَدْعُو. يَنْسَى.**
ناقىس پېئىلدا باش كېلىشىنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: يَمْشِيْ، يَدْعُوْ، يَنْسَى ... لارغا ئوخشاش.

2ـ علامةُ النَّصْبِ في الفعل الناقص المفتوح العَيْنِ، نحو: لن أَنْسَى.
«عين»ى زەبەرلىك ئوقۇلغان ناقىس پېئىلدا چۈشۈم كېلىشىنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: لن ينسى ... غا ئوخشاش.

3ـ علامةُ الجَزْمِ في الفعلِ المُضَعَّفِ، نحو: لم أَحُجَّ، فعلامة جزمه سكون مُقَدَّر.
3) مۇزائەف پېئىلدىكى جەزمنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: لَمْ أَحُجَّ ... غا ئوخشاش. بۇ پېئىلنىڭ جەزملىك ئوقۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى تەقدىر قىلىنغان سۈكۇندىن ئىبارەت.

# تمارين

(1) عين المعرب من المبني فيما يأتي:

دخل، اِجلس. يذهب. تَفْهَمْنَ. يخرجون. تشربين .يَكْتُبْنَ.

(2) ما علامات الإعراب الأصلية في المضارع؟

(3) ما علامات الإعراب الفرعية في الأفعال الخمسة؟

(4) ما علامة الجزم الفرعية في الفعل الناقص؟

(5) ما علامة الرفع في الفعل الناقص؟

(6) ما علامة النصب في الفعل الناقص المفتوح العين؟

(7) ما علامة الجزم في الفعل المضعف؟

# (2)الدرس الثاني

**المدرس : أين حامد ؟**

ئوقۇتقۇچى : هامىد قەيەردە ؟

**فيصل : سيأتي بعد قليل إن شاء الله . رأيته وهو يدخل الحمام .**

فەيسەل : ئۇ ئاللاھ خالىسا بىر ئازدىن كىيىن كېلىدۇ . مەن ئۇنىڭ مۇنچىغا كىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنتىم .

**المدرس : وأين حمزة ؟**

ئوقۇتقۇچى : ھەمزە قەيەردە ؟

**فيصل : خرج من الفصل وهو يحمل كتبه . أظن أنه رجع إلى المهجع .**

فەيسەل : ئۇ سىنىپتىن كىتابلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى . مەن ئۇنى ياتاققا قايتتىمىكى دەپ ئويلايمەن .

**معاوية : رأيته وهو يدخل المستوصف . لعله مريض .**

مۇئاۋىيە : مەن ئۇنى ئامبۇلاتورىيىگە كىرىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنتىم . ئۇ ئاغرىپ قالغان بولىشى مۇمكىن .

**المدرس : شفاه الله .... متى رجعتم من مكة يا إخوان ؟**

ئوقۇتقۇچى : اللّٰہ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن .....ئى قېرىنداشلار سىلەر مەككىدىن قاچان قايتتىڭلار ؟

**فيصل : رجعنا مساء أمس . خرجنا من مكة و الشمس تطلع ، و وصلنا طيبة الطيبة والناس يخرجون من المسجد النبوي بعد صلاة الظهر .**

فەيسەل : بىز تۈنۈگۈن كەچ قايتتۇق. بىز مەككىدىن كۈن چىقىۋاتقان ھالەتتە چىقتۇق،

مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كىشلەر پىشىن نامىزىدىن كىيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىدىن چىقىۋاتقان ھالىتىدە يىتىپ كەلدۇق .

**المدرس : تقبل الله عمرتكم !**

ئوقۇتقۇچى : ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۆمۈر ھەجگىلارنى قوبۇل قىلسۇن .

**الطلاب : آمينْ .**

ئوقۇغۇچىلار: الله دۇئايىڭىزنى ئىجابەت قىلسۇن.

**المدرس : اقرء الحديث المكتوب على السبورة يامعاوية .**

ئوقۇتقۇچى : ئى مۇئاۋىيە دوسكىغا يېزىلغان ھەدىسنى ئوقۇغىن .

**معاوية : ( يقف و يقرأ ) بسم الله الرحمن الرحيم .**

مۇئاۋىيە : (ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇيدۇ ) ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .

**المدرس : اقرأ وأنت جالس .**

ئوقۇتقۇچى : ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن .

**معاوية : أريد أن أقرأ وأنا واقف .**

مۇ ئاۋىيە : مەن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشنى خالايمەن .

**المدرس : كما تشاء .**

ئوقۇتقۇچى : سەن خالىغانچە بولسۇن .

**معاوية : عن جابر رضي الله عنه قال : أتيت النبي ( صلى الله عليه وسلم ) وهو في المسجد فقال : ( صل ركعتين ) . متفق عليه .**

مۇئاۋىيە : جابىر ( رضي الله عنه) دىن مۇنداق دىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ : مەن پەيغەمبىرىمىز( صلى الله عليه وسلم )نىڭ قىشىغا مەسجىددىكى ۋاقىتتا كەلدىم ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن دىدى .

**المدرس : أشرح لكم الدرس الآن ، فاسمعوا ، ولاتكتبوا شيأ و أنا أشرح . تأتى الواو لمعان كثيرة ، العطف ، نحو : خرج الزبير و حامد . درسنا اليوم السيرة والفقه . أكلت وشربت . ومنها : القسم ، نحو : والله مارأيت . و واوالقسم من حروف الجر .**

ئوقۇتقۇچى : مەن هازىر سىلەرگە دەرسنى چۈشەندۈرۈپ قويمەن، قۇلاق سېلىڭلار ، مەن چۈشەندۈرگەن ۋاقىتتا بىر نەرسە يازماڭلار . ۋاۋ(الواو) كۆپلىگەن مەنالار ئۈچۈن كېلىدۇ ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

باغلاش ئۈچۈن كېلىدۇ، مەسىلەن :

خرج الزبير و حامد. هامىد بىلەن زۇبەير چىقتى .

درسنا اليوم السيرة والفقه. بىز بۈگۈن تارىخ بىلەن پىقھىنى ئوقۇدۇق .

أكلت وشربت. مەن يېدىم ۋە ئىچتىم .

قەسەم ئۈنىڭ يەنە بىر مەنىسىدۇر مەسىلەن : والله مارأيت. ئاللاھ بىلەن قەسەم كۆرمىدىم . قەسەمنىڭ ۋاۋسى زىر ئوقۇتقۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

**ومنها : الحال ، نحو : أتيت النبي ( صلى الله عليه وسلم ) وهو في المسجد ، أي حال كونه في المسجد . رأيت الحسن وهو يخرج من المقصف ، أي حال خروجه منه . وإليكم أمثلة أخرى لواو الحال :**

**(1) مات أبي وأنا صغير . (2) دخلت المسجد والإمام يركع . (3) لاتأكل وأنت شبعان .**

هال ۋاۋ نىڭ يەنە بىر مەنىسىدۇر : مەسىلەن : أتيت النبي ( صلى الله عليه وسلم ) وهو في المسجد ، أي حال كونه في المسجد ـ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مەسجىدتىكى چاغدا كەلدىم ، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدتىكى هالىتىدە كەلدىم .

رأيت الحسن وهو يخرج من المقصف ، أي حال خروجه منه ـ مەن ھەسەننى دۇكاندىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ، يەنى دۇكاندىن چىقىۋاتقان ھالىتىدە كۆردۈم .

ھالنىڭ ۋوسىنىڭ باشقا مىساللىرىغا قۇلاق سېلىڭلار :

(1) مات أبي وأنا صغير ـ مەن كىچىك ۋاختىمدا دادام ئۆلۈپ كەتتى .

(2) دخلت المسجد والإمام يركع ـ مەن ئىمام رۇكۇ قىلغان ھالەتتە مەسجىدكە كىردىم .

(3) لاتأكل وأنت شبعان ـ سىنىڭ قورسىقىڭ توق تۇرۇپ بىرنەرسە يېمە .

**لعلكم فهمتم . هات الآن مثالا لواو العطف يا أيوب .**

بەلكىم چۈشەندىڭلارغۇ دەيمەن . ئەييۇب ھازىر باغلاش ۋوسى ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرگىن .

**أيوب : ذهبت إلى السوق و اشتريت أشياء .**

ئەييۇب : مەن بازارغا بېرىپ نەرسە كېرەكلەر سېتىۋالدىم .

**المدرس : أحسنت . هات مثالا لواو القسم يا معاوية .**

ئوقۇتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ. ھەي مۇئاۋىيە قەسەمنىڭ ۋوسى ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈر .

**معاوية : والله ما غبت قط .**

مۇئاۋىيە : ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن پەقەت يوقاپ كەتمىدىم .

**المدرس : أحسنت . هات مثالا لواو الحال يا فيصل .**

ئوقۇتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ . فەيسەل ھالنىڭ ۋوسى ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرگىن .

**فيصل : دخلت المسجد والإمام يخطب .**

فەيسەل : مەن مەسجىدكە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە كىردىم .

**المدرس : أحسنت . هات مثالا آخر يا يونس .**

ئوقۇتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ. ئى يۇنۇس باشقا مىسال كەلتۈرگىن .

**يونس : طلبت العلم وأنا كبير .**

يۇنۇس : مەن ياشىنىپ قالغان ھالىتىمدە ئىلىم تەلەپ قىلدىم .

**المدرس : أحسنت . يا عبيدالله ، اذكر اية فيها واو للحال .**

ئوقۇتقۇچى: ياخشى قىلدىڭ. ھەي ئۇبەيدۇللاھ ، سەن ھالەتنىڭ ۋوسى بولغان بىر ئايەتنى سۆزلەپ باق .

**عبيدالله : أعوذ بالله من الشيطان الرجيم . بسم الله الرحمن الرحيم . [ ان الذين كفروا وماتوا وهم كفار أولئك عليهم لعنة الله والملائكة والناس أجمعين ] . البقر : 161 ]**

ئۇبەيدۇللاھ : ئاللانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمەن . ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن . [ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە كاپىر ھالەتتە ئۆلگەنلەرگە ئاللاھنىڭ، مالائىكىلەرنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن .] بەقەرسۈرىسى 161ـئايەت.

**المدرس : أين واو الحال في هذه الآية ؟**

ئوقۇتقۇچى : بۇ ئايەتتىكى ھالنىڭ ۋوسى قەيەردە ؟

**عبيدالله : في قوله تعالى : [ وهم كفار ] .**

ئۇبەيدۇللاھ : ھالنىڭ ۋوسى ئاللاھنىڭ [ وهم كفار ] دىگەن سۆزىدە .

**المدرس : أحسنت ....... بقي ثلاث دقائقَ . فهل من سؤال ؟**

ئوقۇتقۇچى : ياخشى قىلدىڭ..... ئۈچ مىنۇت قالدى. سوئال بارمۇ ؟

**معاوية : نعم لدي سؤال . ما معنى ( الحرم )في قوله تعالى : [ يا أيها الذين آمنوا لاتقتلوا الصيد وأنتم حرم ] ؟ [ المائدة ] 95 ].**

مۇئاۋىيە : ھەئە مىنىڭ سوئالىم بار . [ يا أيها الذين آمنوا لاتقتلوا الصيد وأنتم حرم ] [ المائدة ] 95 ] دىگەن ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىدىكى ( الحرم ) نىڭ مەناسى نىمە ؟

**المدرس : معناها ( محرمون ). مفردها ( حرام ) : أي ( محرم ) .**

ئوقۇتقۇچى : ئۇنىڭ مەناسى ( ئىھرام باغلىغۇچىلار ) . ئۇنىڭ بىرلىكى ( حرام ) : يەنى ( محرم ) ئىھرام باغلىغۇچى.

**معاوية : جزاك الله خيرا**

مۇئاۋىيە : ئاللاھ سىزگە ياخشى مۇكاپات بەرسۇن .

**( يرن الجرس ، ويخرج المدرس وهو يقول : السلام عليكم ورحمة الله وبركاته )**

قوڭغۇراق جىرىڭلايدۇ ، ئوقۇتقۇچى: السلام عليكم ورحمة الله وبركاته دىگىنىچە چىقىپ كىتىدۇ .

## بۇ دەرستىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ھالنىڭ «و»سى توغرىسىدا

ھال قوشۇمچىسى بولغان «و» ھالنى ھال ئىگىسىگە باغلايدىغان قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پېئىللىق جۈملە، ئارقىسىدا بىر ئىسىملىق جۈملە كېلىدۇ ۋە ئۇ ئالدىغا كىرگەن جۈملە ئورنى جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

حَجَجْتُ وأنَا صغِيرٌ (مەن كىچىك تۇرۇپ ھەج قىلدىم)
مَاتَ الرَّجلُ وهُوَ نَائِمٌ (ئەركىشى ئۇخلىغان ھالەتتە ئۆلدى)
دىگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: پېئىلنام توغرىسىدا

پېئىلنام ـــ پېئىلنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان، لېكىن پېئىلنىڭ بەلگىلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان سۆز (اِسم الفعل)دىن ئىبارەت.
مەسىلەن: «إِلَيكَ» ـــ «خُذْ» (تۇت) دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن پېئىلنامدۇر:
إِلَيْكَ هٰذَا الْكِتَابَ (بۇ كىتابنى ئوقۇ)
يَقُولُ الْمُذِيعُ: إِلَيكُم نَشْرَةَ الْأَخْبَار
(رىياسەتچى ئېيتىدۇ: تۆۋەندە خەۋەرلەر ئاڭلاڭلار)
«آمِينْ» ـــ «إِستَجِبْ» دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ كەلگەن پېئىلنامدۇر:
آمِينْ (ئى ئاللاھ! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن)

## 3- مەزمۇن: بەزى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ كەلگۈسى زامان مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

تېكىستتە «شَفَاهُ اللّٰهُ» (ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن) دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇ دۇئا جۈملىدىن ئىبارەت. بۇ جۈملىدە ئۆتكەن زامان پېئىلى كەلگۈسى زامان پېئىلى مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، شۇنىڭغا ئوخشىشىغان ھەرقانداق دۇئا جۈملە كەلگۈسى زامان مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: (رضي الله عنه) ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، (رحمه الله) ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن دېگەنگە ئوخشاش

## 4- مەزمۇن: زىيادە بولۇپ كەلگەن «مِنْ» توغرىسىدا

تېكىستتە «هَلْ مِنْ سُؤَالٍ؟» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئەسلىسى «هَلْ سُؤَالٌ عِنْدَكَ؟»دۇر. ئۇنىڭدىكى «مِنْ» ـــ زىيادە سۆز بولۇپ، ئىگىنىڭ ئالدىغا كىرگەن. «مِنْ» نىڭ زىيادە بولۇپ كىرىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:
1- «مِنْ» دىن بۇرۇن نَفْيٌ (بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى)، أو نَهْيٌ (چەكلەش قوشۇمچىسى)، أو "هَلْ" دېگەن سوراق قوشۇمچىسى كېلىشى كېرەك.
2- «مِن»دىن كېيىن كەلگەن ئىسىم ئېنىقسىز ئىسىم بولۇشى كېرەك.
ئۇنىڭ باشقا ھۆكۈملىرىنى ئاللاھ خالىسا ئالدىمىزدا ئوقۇيمىز.

### 5- مەزمۇن: «عِنْدَ» مەنىسىدە كەلگەن «لَدَى» توغرىسىدا

تېكىستتىكى «لَدَيَّ سُؤَالٌ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «لَدَى» ئورۇن رەۋىشى بولۇپ، «عند» مەنىسىدە كەلگەن. «لدى»نىڭ «ئەلف»ى كىشىلىك ئالماش (ضمير)غا قوشۇلغان چاغدا «ي»غا ئالمىشىدۇ. خۇددى «إلَى» ۋە «علَى»نىڭ «ئەلف»ى ئالماشقاندەك:

لَدَى + ه = لَدَيْهِ    لَدَى + ك = لَدَيْكَ    لَدَى + ي = لَدَيَّ

## تمارين

1– أجب عن الأسئلة الآتية:

(1)أين رأى فيصل –حامدا؟

(2)أين ذهب حمزة؟

(3)متى خرج الطلاب من مكة، ومتى وصلوا المدينة المنورة؟

(4)من الذي قرأ الحديث؟

(5)ما معنى "الحُرُم" في الآية الواردة في الدرس؟ وما مفردها؟

2– تأمل الأمثلة الآتية لـ (واو الحال):

(1)حَجَجْتُ وأنا صغيرٌ.

(2)دخلت المسجدَ والناسُ يخرجون منه.

(3)مات الرجل وهو نائمٌ.

(4)عاش جَدّي أكثرَ من مِائَةِ عامٍ، ومات وأنا صغيرٌ.

(5)طلبت العلم وأنا مُتَزَوِّجٌ.

(6)لا تقرأ الصحيفة وأنت تمشي في الشارع.

(7) قال تعالى: { لا تَقْرَبوا الصَّلاةَ وأنتم سُكارى } [ النساء/43] .

3- مَيِّزْ (واو العطف) مِن (واو الحال) في الجمل الآتية . ضع خطّاً واحداً تحت واو العطف، وخطّين تحت واو الحال.

(1)خرج المدرس من الفصل، وذهب إلى مكتب المدير.

(2)دخلت على المدير وهو يكتب.

(3)دخل حامد ومُعَاوِيَة والحسن الفصل والمدرس يشرح الدرس.

(4)أعرف اللغتين الإنكليزية والفرنسية.

(5)جاءني الولد وهو يبكي، ورجع وهو يضحك.

(6)دخل إسماعيل المسجد والإمام يقرأ الفاتحة.

4 - عيّن نوع كل واوٍ مما ورد في الجملة الآتية:

واللّه ما غبت يوما وأنا صحيح لا هذه السنةَ ولا السنةَ الماضيةَ.

5- أكمل كل جملة مما يأتي بجملة حالية مناسبة (و + جملة اسمية):

(1)دخلت المسجد

(2)وصلتِ الطَّائرة مطار جدة

(3)حججت

(4)رأيت المدرس

(5)مات عَمِّي

(6)خرجت من المدينة

(7)وصلت الرياضَ

6- اجعل كل جملة مما يأتي جملة حالية لجملة من إنشائك:

(1) ....................................... أنت تمشي في الشارع.

(2) ....................................... أنا طفل

(3). ............................................ المدرس يكتب الدرس على السّبورة.

(4). ............................................ المَطَرُ ينزل

(5). ............................................ الشمس تَغْرُبُ.

(6). ............................................ الُمَؤذِّنُ يُقِيمُ.

(7). ............................................ أنا صغير.

7- يطلب المدرس إلى كل طالب أن يقرأ الدرس وهو جالس/ وهو واقف للتأكد من فهمه للجملة.

8- تفيد "لَعَلَّ " التَرَجِّي والإشْفاق، ويَتَّضِحُ الفَرْقُ بينهما من المثالينِ الآتيين:

(1)لعلّه بخير، أي أرجو أن يكون بخير. (هذا التَّرجيّ)

(2)لعلّه مريض، أي أَخْشَى أن يكون مريضاً. (هذا الإشْفاقُ)

ماذا تفيد (لعلّ) في الجمل الآتية:

(1)لعلّك ناجحٌ. (2)لعلَّكَ راسبٌ

(3)لعل الامتحان سهل. (4)لعلى الامتحان صعب.

(3)قال صلى الله عليه وسلم في حَجةِ الوداعِ : لعلي لا أحجُّ بعد عاميْ هذا.

9- "إِلَيْكُمْ أمثلةً أُخْرى " هنا "إليكم " اسمُ فعْلٍ. واسْمُ الفِعْلِ كلمة تَدلُّ على ما يدل عليه الفعل غير أنها لا تَقْبَل علامَتَهُ.

و "إليك " معناه " خذْ ". تقول:

(1)إليكَ هذا الكتاب . (2)يا أختي ، إليكِ المَلاعِق.

(3)يقول المُذِيعُ : إليكم نَشْرَةَ الأخْبارِ.

وكذلك "آمِينْ " اسمُ فعل بمعنى " اِسْتَجِبْ."

10- "أَشْياءُ" ممنوعٌ من الصرف لأنَّ أصلها (أَشْيئاءُ) على وزن (أَفْعِلاء)، نحو: أَغْنِياءُ، وأَصدِقَاءُ.

11- "شَفَاه الله ." هذا دُعاءٌ . والفعل الماضي هنا مُسْتَقْبَلٌ في المعنى[3]

هات مثالاً آخر من الدرس للفعل الماضي الذي يُفِيدُ الدُّعاءَ.

12- "هَلْ مِنْ سُؤالٍ؟ ". أَصْلُ هذه الجملة "هَل مِنْ سُؤَالٍ عِنْدَكَ؟ ". هذه "مِنْ " الزائدة، ومن شُروط دُخولِها:

(1)أنْ يَسْبقَها نَفْيٌ ، أو نَهْيٌ ، أو اسْتِفْهامٌ ب "هَلْ."

(2)أنْ يكوَنَ مجرورُها نَكِرةً.

كَوِّنْ جُمَلاً على غِرَارِهِ مستعملاً لكلمات التي بين القوسين:

المثال :هَلْ مِنْ سُؤَالٍ؟ (سؤال)

(1) ................................................................. ؟ (خَبَر)

(2 ................................................................. ؟ (جديد)

(3) ................................................................. ؟ (مَزِيد)

13- "لَدَيَّ سؤالٌ" . " لَدَى" ظَرْفُ مكانٍ بمعنى "عندَ". وتُقْلَبُ أَلِفُهُ ياءً مع الضمير كما تُقْلَبُ أَلِفُ "إلى" و"على"، فتقول: لَدَيْه، لَدَيْكَ، لديَّ.

وإليك الأمثلة:

(1)وجدته لَدَى البابِ . (2)ماذا لَدَيْكَ.

(3) وفي التنزيل: (أ) { ولَدَيْنَا كتابٌ يَنْطِقُ بالحَقّ } [ المؤمنون/62].

(ب) {كُلُّ حِزْبٍ بما لَدَيْهِم فَرِحُونَ } [الروم/32] .

14- ما ضِدُّ "المريض" ؟

15- هات ماضِيَ الأفعالِ الآتية:

---

(3) يُنْفَى الفعلُ الماضي الذي يُفيدُ الدعاء بـ "لا" نحو. "لا فضَّ اللّهُ فاكَ

يَحْمِلُ، يَطْلُعُ، يَخْطُبُ، يَغْرُبُ، يَقْرَبُ، يَنْطِقُ.

16- هات مفرد الأسماء الآتية:

حُرُم، سُكارى، مَلائكة، مَعانٍ.

17- هات جمع الأسماء الآتية:

عام، طِفْل، صحيح، مُتزَوِّج، حِزب، إمَام.

18- "دخلتُ على المدير"، أي : دخلتُ مكتبَ المديرِ وهو فيه.

19- "أقامَ الصلاةَ "، المضارع " : يُقِيمُ "، والأمر: " أَقِمْ."

20- ما الفرق بين" العبَدْ" و"العُبَيْد"؟ ماذا تُسَمَّى صيغَةُ "العُبَيْد" في الصرف؟

21- "وَصَلَتُ المدينةَ"، و"وَصلْتُ إلى المدينةِ" كلاهما صحيح .

22- يُجْمَعُ" مَعْنَى" على "مَعانٍ ". هاكَ أمثلةً أخرى لمثل هذا الجمع:

جارِيَة : جَوَارٍ ، مَاشيَة : مَوَاشٍ، دَاعِية : دَواعٍ، نَادٍ : نَوادٍ ، لَيْلَة : لَيَالٍ.

هذه الأسماء على وزن "مَفَاعل "، غير أنَّها تُنَوَّنُ في الرفع والجرِّ، ولا تُجَرُّ بالفتحة. تقول:

(1)للواوِ مَعَانٍ كثيرةٌ.

(2)تأتي الواوُ لِمَعَانٍ كثيرةٍ.

(3)أَعرِفُ للواوِ مَعانِيَ كَثيرةً.

# (3)الدرس الثالث

**المدرس : لم تأخرتم يا إخوان ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى قېرىنداشلار نىمە ئۈچۈن كېچىكتىڭلار؟

**الزبير : لأن المطعم فتح اليوم متأخرا .**

زۇبەير : چۈنكى ئاشخانا بۈگۈن كېيىن ئېچىلدى.

**المدرس : متى فتح ؟**

ئوقۇتقۇچى : قاچان ئېچىلدى؟

**الزبير: فتح الساعة السادسة .**

زۇبەير : سائەت ئالتىدە ئېچىلدى .

**المدرس : ومتى يفتح كل يوم ؟**

ئوقۇتقۇچى: ھەر كۈنى قايسى ۋاقىتتا ئېچىلاتتى ؟

**جابر : يفتح الساعة السادسة إلا ربعا .**

جابىر: ئالتىگە ئون بەش مىنۇت قالغاندا ئېچىلاتتى .

**المدرس : إجلسوا وافتحوا الكتاب . أين كتابك يا إدريس ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئولتۇرۇپ كىتابنى ئېچىڭلار . ئى ئىدرىس سىنىڭ كىتابىڭ قەيەردە ؟

**إدريس : سرق كتابي ياأستاذ .**

ئىدرىس : ئى ئۇستاز كىتابىم ئوغۇرلاندى.

**المدرس : سرق كتابك ؟ متى وأين ؟**

ئوقۇتقۇچى : كىتابىڭ ئوغۇرلاندى ؟ قاچان قەيەردە ؟

**إدريس : سرق البارحة من غرفتي وأنا غائب عنها . وسرقت معه أشياء أخر :**

**ساعتي وحذائي ومعظم ملابسي .**

تۈنۈگۈن كەچ ياتقىمدىن ئوغۇرلاندى ، مەن ياتاقتا يوق ئىدىم . كىتابىم بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەر ئوغۇرلاندى : سائىتىم ئايىقىم ۋە كۆپىنچە كىيىملىرىم بىللە ئوغۇرلاندى .

**المدرس : عوضك الله منها .....أريد الآن أن أسألكم أسئلة فيما درستم أمس . في أي شهر ولد رسول الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ ؟**

ئاللاھ ساڭا ئۇنەرسىلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بەرسۇن .....ھازىر سىلەردىن تۈنۈگۈن ئوقۇغان مەزمۇنلاردىكى سوئاللارنى سورىماقچى . رسول ـ صلى الله عليه وسلم- قايسى ئايدا تۇغۇلدى ؟

**أحمد : ولد صلى الله عليه وسلم ـ في شهر ربيع الأول .**

ئەھمەد : رسول ـ صلى الله عليه وسلم- ربيع الأول ئېيىدا تۇغۇلدى .

**المدرس : وفي أي سنة ولد صلى الله عليه وسلم يا جابر ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى جابىر رسول ـ -صلى الله عليه وسلم ــ قايسى يىلدا تۇغۇلدى ؟

**جابر : ما أدري .**

جابىر : بىلمەيمەن .

**المدرس : ألم تدرسوا هذا ؟**

ئوقۇتقۇچى : بۇنى ئوقۇمىغانمىدىڭلار ؟

**جابر: بلى , درسناه , ولكنني نسيت .**

جابىر : شۇنداق ، ئوقۇغانتۇق ، بىراق مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن .

**المدرس : من يعرف هذا ؟**

ئوقۇتقۇچى : بۇنى كىم بىلىدۇ ؟

**إدريس : ولد صلى الله عليه وسلم ـ عام سبعين وخمسمائة للميلاد (570م).**

ئىدرىس : رسول ـ صلى الله عليه وسلم- مىلادىيىنىڭ بەش يۈز يەتمىشىنچى يىلى

تۇغۇلغان .

**المدرس : هذا صحيح . فى أي عام ولدت أنت يا إدريس ؟**

ئوقۇتقۇچى: بۇ توغرا . ئى ئىدرىس سىز قايسى يىلدا تۇغۇلدىڭىز ؟

**إدريس : ولدت عام خمسمائة وثمانين وثلاثمائة وألف للهجرة ( 1385هـ).**

ئىدرىس : مەن ھجرىيە بىرمىڭ ئۈچ يۈز سەكسەن بەشىنچى يىلى تۇغۇلدۇم (1385).

**المدرس : وفى أي عام ولدت أنت يا أحمد ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئەھمەد سىز قايسى يىلدا تۇغۇلدىڭىز ؟

**أحمد :ولدت عام سبعة وستين وتسعمائة وألف للميلاد (1967م).**

ئەھمەد : مەن مىلادىيە بىرمىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلى تۇغۇلدۇم **(1967)**

**المدرس :أين ولدت يا أحمد ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئەھمەد سىز قەيەردە تۇغۇلدىڭىز؟

**أحمد : ولدت فى باكستان .**

ئەھمەد : مەن پاكىستاندا تۇغۇلدۇم .

**المدرس : أنت إذن باكستانى ....اسمعوا يا إخوان . أشرح الآن قاعدة نحوية مهمة .**

ئوقۇتقۇچى : ئۇنداقتا سىز پاكىستانلىق ئىكەنسىزدە ....ئى قېرىنداشلار ئاڭلاڭلار . مەن ھازىر سىلەرگە مۇھىم گىراماتىكىلىق قائىدىنى ئىزاھلاپ بېرىمەن .

**الفعل إما مبنى للمعلوم وإما مبنى للمجهول. أما المبني للمعلوم فمثل (قتل يقتل ). وأما المبني للمجهول فمثل (قُتِلَ يُقْتَلُ ) .**

پېئىل يا مەئلۇم ئۈچۈن قۇرۇلغان بولىدۇ ، يا مەجھۇل ئۈچۈن قۇرۇلغان بولىدۇ مەئلۇم ئۈچۈن قۇرۇلغاننىڭ مىسالى (قتلَ, يقْتلُ)غا ئوخشاش ، مەجھۇل ئۈچۈن قۇرۇلغاننىڭ مىسالى (قُتِلَ , يُقْتَلُ)غا ئوخشاش .

**يحذف الفاعل مع الفعل المبني للمجهول , ويحل المفعول به محله ويسمى (نائب فاعل ), وهو مرفوع . نقول:**

**قَتَلَ الجنديُّ الجاسوسَ.ـ قُتِلَ الجاسوسُ.**

**يسمع الناس الأذان بوضوح . يُسمَع الأذان بوضوح .**

مەجهۇلغا قۇرۇلغان پېئىلدا پائىل تاشلىنىپ كېتىدۇ ،( مفعول به ) شۇ پائىلنىڭ ئورنىغا چۈشىدۇ ۋە نائىب پائىل دەپ ئاتىلىدۇ ، (مفعول به) پەش ئوقۇلىدۇ. دەيمىز بىز:

قَتَلَ الجندي الجاسوس ـ ئەسكەر جاسۇسنى ئۆلتۈرۋەتتى .

قُتِلَ الــجاسوس ـجاسۇس ئۆلتۈرۈلدى .

يسمع الناس الأذان بوضوح ـ كىشلەر ئەزاننى ئۇچۇق ئاڭلايدۇ .

يُسمَع الأذان بوضوح ـئەزان ئۇچۇق ئاڭلىنىدۇ .

**يا معاوية : ابن الفعل في هذه الجملة للمجهول : خلق الله الإنسان من طين .**

ئى مۇئاۋىيە: بۇ جۈملىدىكى پېئىلنى مەجهۇل ئۇچۇن قۇرىغىن:

خلق الله الإنسان من طين ـئاللاھ ئىنساننى لايدىن ياراتتى.

**معاوية : خلق الإنسان من طين .(الإنسان) هنا نائب فاعل .**

مۇئاۋىيە : ئىنسان لايدىن يارىتىلدى . (ئىنسان ) بۇ يەردە نائىب پائىل.

**المدرس : هات مثالا آخر للفعل المبني للمجهول يا إدريس .**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئىدرىس مەجهۇل ئۇچۇن قۇرۇلغان پېئىلغا باشقا بىر مىسال كەلتۈر.

**إدريس : قتل عمر رضي الله عنه وهو يصلى بالناس فى المسجد النبوي .**

ئىدرىس: ئۆمەر ـ رضي الله عنه ـ مەسجىدى نەبەۋىيدە ناماز ئوقۇۋاتقان هالىتىدە ئۆلتۈرۈلدى .

**المدرس : يا أحمد, هات مثالا آخر على أن يكون الفعل فيه مضارعا .**

ئوقۇتقۇچى : ئى ئەھمەد پېئىل ئۇنىڭدا (مضارع )بولىدىغانغا يەنە بىر مىسال كەلتۈر .

**أحمد : يقتل آلاف من الناس في الحروب .**

ئەھمەد: مىڭلىغان كىشىلەر جەڭلەردە ئۆلتۈرۈلىدۇ .

**المدرس: ياجابر , هات مثالا آخر على أن يكون نائب الفاعل فيه مؤنثا .**

ئوقۇتقۇچى: ئى جابىر، نائىب پائىل مۇئەننەس بولىدىغان يەنە بىر مىسال كەلتۈر.

**جابر : تقرأ سورة الفاتحة في كل ركعة .**

جابىر: سۈرە فاتىھە ھەر رەكئەتتە ئوقۇلىدۇ.

**المدرس : ياحسن , أتستطيع أن تذكر آية فيها فعل مبني للمجهول ؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى ھەسەن ، ئىچىدە مەجھۇل ئۇچۇن قۇرۇلغان پېئىل بار ئايەتنى سۆزلىيەلەمسەن؟

**الحسن : نعم , أستطيع بعون الله . قال تعالى : (والذين يدعون من دون الله لايخلقون شيئا وهم يخلقون )**

ھەسەن : ھەئە ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سۆزلىيەلەيمەن . ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : (ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى (بۇتلىرى)ھېچ نەرسە يارىتالمايدۇ ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغاندۇر.)

**المدرس : أحسنت ياحسن . أيمكنك أن تذكر حديثا نبويا يحوي فعلا مبنيا للمجهول يا زبير ؟**

ئوقۇتقۇچى : ئى ھەسەن ياخشى قىلدىڭ .  ئى زۇبەير مەجھۇل ئۇچۇن قۇرۇلغان پېئىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەيغەمبەر ـ صلى الله عليه وسلم ـنىڭ ھەدىسىنى سۆزلىيەلەمسەن ؟

**الزبير : يمكنني إن شاء الله . قال ـ صلى الله عليه وسلم ـ لايلدغ المؤمن من جحر واحد مرتين ) .(رواه البخاري ومسلم ).**

زۇبەير: ئاللاھ خالىسا سۆزلىيەلەيمەن . پەيغەمبەر ـ صلى الله عليه وسلم ـ مۇنداق دېگەن

( مۆئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ ) .(بۇخارىي مۇسلىم رىۋايەت قىلغان )

**المدرس : ماشاء الله .**

ئوقۇتقۇچى: اللهنىڭ ئىرادىسى شۇنداق.

**الحسين : انتهى الوقت يا أستاذ .**

ھۆسەين : ئى ئۇستاز ۋاقىت توشتى .

**المدرس : أرن الجرس ؟**

ئوقۇتقۇچى: قوڭغۇراق چېلىندىمۇ ؟

**الحسين : لا يسمع صوت الجرس في فصلنا هذا .**

ھۆسەين : بىزنىڭ بۇ سىنىپتا قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ.

**المدرس : منذ متى ؟**

ئوقۇتقۇچى: قاچاندىن باشلاپ؟

**الحسين : منذ أسبوعين أو أكثر .**

ھۆسەين: ئىككى ھەپتە ياكى كۆپراق ۋاقىتتىن باشلاپ ئاڭلانمايدۇ .

## بۇ دەرستىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئۆتكەن زامان پېئىلىنى مەجھۇل پېئىل شەكلىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئۆتكەن زامان پېئىلىنى مەجھۇل قىلماقچى بولسـاق، بىرىنچى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى پەشلىك قىلىمىز، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى زىرلىك قىلىمىز. مەسىلەن:

كَتَبَ ← كُتِبَ      شَرِبَ ← شُرِبَ

دېگەنگە ئوخشاش.

كەلگۈسى زامان پېئىلنى مەجھۇل قىلماقچى بولساق، بىرىنچى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى پېشلىك قىلىنىدۇ، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يَكْتُبُ ← يُكْتَبُ  يَشْرَبُ ← يُشْرَبُ

يعبد ← يعبد  يخلق ← يخلق

دېگەنگە ئوخشاش.

مەجھۇل پېئىل ئىشلىتىلگەن جۈملىدە پائىل تاشلىنىپ كېتىپ، تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرى پائىلنىڭ ئورنىدا پېشلىك ئوقۇلىدۇ ھەمدە نائىب پائىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

يَشْرَحُ الْمُدَرِّسُ الدَّرْسَ مَرَّتَيْنِ

(ئوقۇتقۇچى دەرسنى ئىككى قېتىم چۈشەندۈردى)

يُشْرَحُ الدَّرْسُ مَرَّتَيْنِ (دەرس ئىككى قېتىم چۈشەندۈرۈلدى)

ئەگەر تولدۇرغۇچى كىشىلىك ئالماش بولسا، پائىلنىڭ ئورنىدا تۇرۇش ئۈچۈن باش كېلىشنىڭ ئالمىشى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

أَسْأَلَكَ الْمُدِيرُ عَنِ الْغِيَابِ

(مۇدىر سەندىن يوقاپ كەتكەنلەرنى سورىدىمۇ)

ئەمدى بۇ جۈملە مەجھۇل قىلىنسا مۇنداق بولىدۇ:

أَسُئِلْتَ عَنِ الْغِيَابِ (يوقاپ كەتكەنلەر توغرىسىدا سورالدىڭمۇ)

## 2- مەزمۇن: «ال»قوشۇلغان خاس ئىسىملارنىڭ چاقىرىلىشى توغرىسىدا

«ال» قوشۇلغان خاس ئىسىملارنى چاقىرغاندا «ال» تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْحَسَنُ ← يَا حَسَنُ  اَلْحَارِثُ ← يَا حَارِثُ

اَلْبَرَاءُ ← يَا بَرَاءُ  اَلزُّبَيْرُ ← يَا زُبَيْرُ

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: نىسبەت قوشۇمچىسى توغرىسىدا

نىسبەت قوشۇمچىسى ـــ تەۋەلىكنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان تەشدىدلىك «ي»نى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْهِنْدُ (ھىندىستان) ← هِنْدِيٌّ (ھىندىستانلىق)

اَلْعِرَاقُ (ئىراق) ← عِرَاقِيٌّ (ئىراقلىق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «إِمَّا» توغرىسىدا

«إِمَّا» ـــ ئايرىش قوشـــۇمچىسى بولۇپ، گۇمان ياكى تاللاش مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

إمَّا تَزُورُنِي وإمَّا أَزُورُكَ

(ياكى سەن مېنى يوقلايسەن، ياكى مەن سېنى يوقلايمەن)

إبراهيم إمّا مَرِيضٌ وإمّا مُسافِرٌ

(ئىبراھىم ياكى ئاغرىپ قالدى، ياكى سەپەر قىلدى)

دىققەتكە ئوخشاش.

## تمارين

1- أجب عن الأسئلة الآتية:

(1) لِمَ تَأَخَّرَ الطلاب؟

(2) في أي ساعة يُفتَحُ المطعم كلَّ يوم؟ ومتى فُتِحَ اليوم؟

(3) في أي شهر ولد النبي صلى الله عليه وسلم ؟

(4) في أي عام ولد النبي صلى الله عليه وسلم ؟

(5) في أي عام ولدت أنت؟

(6) أين قتل عمر رضي الله عنه؟

(7) أيَّ سورة تقرأ في كل ركعة؟

(8) من الذي سُرِقَ كتابه؟

2 – تأمل الأمثلة الآتية للفعل المبني للمجهول، وعَيِّن نائبَ الفاعلِ في كل واحد منها:

(1)بُنِيَ الإسلامُ على خمسٍ: شَهادةِ أَنْ لا إله إلا الله وأنَّ محمداً رسولُ الله، وإقامِ الصّلاةِ، وإيتاء الزكاة، والحجِّ، وصَوْمِ رمضانَ."

(2)قُتِلَ عليٌّ رضي الله عنه بالكُوفة.

(3)لا تُفْتَحُ المكتبةُ يومَ الجُمُعَة.

(4)وُجِدَ هذا القلمُ تحتَ المكتبِ.

(5)تُقْطَعُ يَدُ السارقِ.

(6)لا يُسْمَعُ الأذانُ في بيتنا.

(7)يَجِبُ أن يُكْتَبَ العُنْوانُ بخَطٍّ واضِحٍ.

(8)قُبِضَ النبيُّ صلى الله عليه وسلم وهو ابن ثلاثٍ وستِّينَ سنةً.

3- تأمل ما يلي:

جلسَ الطالبُ. هنا (الطالب) فاعل. الفاعلُ يَتَقَدَّمهُ فعلٌ مبني للمعلوم.

سُئِلَ الطالب . هنا (الطالبُ) نائبُ فاعلٍ. نائب الفاعل يتقدمه فعل مبني للمجهول.

4-اِبْنِ الأفعالَ الآتية للمجهول. لاحِظْ أنَّ الفعل الماضيَ المبنيَّ للمجهول يُكْسَرُ ما قَبْلَ آخره، ويضَمُّ كل مُتَحَرِكٍ قبْلَه، نحو: كَتَب / كُتِبَ.

| المبْنِيّ للمعلوم | المبني للمجهول | المبْنِيّ للمعلوم | المبْنِيّ للمجهول |
|---|---|---|---|
| ضَرَب | ..................... | شَرِب | ..................... |
| سَمِعَ | ..................... | غَسَلَ | ..................... |
| ذَبَحَ | ..................... | أَخَذَ | ..................... |
| بنى | ..................... | حَفِظَ | ..................... |
| وَلَدَ | ..................... | سَأَلَ | ..................... |
| وَجَدَ | ..................... | قَرَأَ | ..................... |

5- ابنِ الأفعال الآتية للمجهول:

لاحِظْ أن الفعل المضارع المبني للمجهول يُضَمُّ أوله، ويُفْتَحُ ما قبلَ آخره ، نحو : يَكْتُبُ / يُكْتَبُ.

| المَبْنِيُّ للمعلوم | المَبْنِيُّ للمجهول | المَبْنِيُّ للمعلوم | المَبْنِيُّ للمجهول |
|---|---|---|---|
| يَشْرَبُ | ........................ | يَفْهَمُ | ........................ |
| يَعْبُدُ | ........................ | يَخْلُق | ........................ |
| يَقطَعُ | ........................ | يَشرح | ........................ |
| يَسْأل | ........................ | يَأْخذُ | ........................ |
| يَبْني | ........................ | يَلِد | يُوْلَدُ |
| يَكوي | ........................ | يَجِدُ | ........................ |
| يَدْعو | ........................ | يَزِنُ | ........................ |

6-تأمل الأمثلة الآتية ، ثم ابن الأفعال في الجملة التي تليها للمجهول:

(أ) فهِم الطلاب الدرس. فُهِمَ الدرسُ.

(ب) فَتَحَ البَوَّابُ الباب. فُتِحَ البابُ.

(ج)سَرَقَ اللِّصُّ الساعَةَ. سُرِقَتِ الساعةُ.

(د) يَفْتَحُ التُّجَّارُ الدكاكينَ الآن. تُفْتَحُ الدكاكينُ الآن.

بعد بناءِ الفعلِ للمجهول يُحْذَفُ الفاعلُ، ويَحُلُّ المفعولُ به محلَّه مرفوعاً ويُسَمَّى (نائبَ فاعلٍ).

(1)يَشْرَحُ المدرسُ الدرسَ مَرّتين.

(2)ما صَلَبَ اليَهودُ المسيحَ.

(3)يَقْرَأُ الطالبُ الدرسَ بصوتٍ عالٍ.

(4)يَعْبُدُ النَّاسُ الأوثانَ في كثير من البلاد.

(5)مَنعَ المديرُ الطلابَ المتأخرين من الدخول.

(6)لم يَخْلُق اللّه مِثلهم في البلاد.

(7)تَبْنِي الحكومة مسجدا جميلا في حيّنا.

(8)صبَّ الرجلُ القهوةَ في الفناجين.

(9)ما عَرَفَ الطلابُ اسمَه.

(10)لا يَجِدُ النَّاسُ السَّمَكَ في السوق هذه الأيامَ.

7- تأمل ما يلي:

أَسَأَلَكَ المديرُ عن الغِياب؟ أَسُئِلْتَ عن الغياب؟

إذا كان المفعول به ضَميراً، أُتِيَ بضمير الرَّفْعِ لِيَحلَّ مَحَلَّهُ، كما يَتَّضِحُ من الجَدْوَلَيْنِ التالِيَيْنِ:

(أ) جدول الفعل الماضي:

| الفعل المبني للمعلوم | الفعل المبني للمجهول | نائب الفاعل |
|---|---|---|
| سَأَلَه المدرسُ | سُئِلَ | ضَميرٌ مستتر |
| سَأَلَهم المدرسُ | سُئِلوا | الواو |
| سأَلَها الأبُ | سُئِلَتْ | ضمير مستتر |
| سأَلَهُنَّ الأبُ | سُئِلْنَ | النون |
| سَأَلَكَ المدرسُ | سُئِلْتَ | التاء |
| سَأَلَكُم المدرسُ | سُئِلْتُمْ | تُمْ |
| سَأَلَكِ الأبُ | سُئِلْتِ | التاء |
| سَأَلَكُنَّ الأبُ | سُئِلْتُنَّ | تُنَّ |
| سَأَلَني المدرسُ | سُئِلْتُ | التاء |

| | | |
|---|---|---|
| سَأَلْنَا المدرسُ | سُئِلْنَا | نا |

(ب) جدول الفعل المضارع:

| الفعل المبني للمعلوم | الفعل المبني للمجهول | نائب الفاعل |
|---|---|---|
| يَسْأَلُهُ المدرسُ | يُسْأَلُ | ضمير مستتر |
| يَسْأَلُهم المدرسُ | يُسْأَلُونَ | الواو |
| يَسْأَلُهَا الأبُ | تُسْأَلُ | ضمير مستتر |
| يَسْأَلُهُنَّ الأبُ | يُسْأَلْنَ | النون |
| يَسْأَلُكَ المدرسُ | تُسْأَلُ | ضمير مستتر |
| يَسْأَلُكُمْ المدرسُ | تُسْأَلُونَ | الواو |
| يَسْأَلُكِ الأبُ | تُسْأَلِيْنَ | الياء |
| يَسْأَلُكُنَّ الأبُ | تُسْأَلْنَ | النون |
| يَسْأَلُنِي المدرسُ | أُسْأَلُ | ضمير مستتر |
| يَسْأَلُنا المدرسُ | نُسْأَلُ | ضمير مستتر |

8- عَيِّن نائب الفاعل فيما يأتي:

(1) { وإذا المَوْءُودَةُ سُئِلَتْ * بِأَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ } [التكوير/8-9].

(2) {ولا تَقُولُوا لِمَنْ يُقْتَلُ في سَبِيلِ اللهِ أَمْواتٌ} [البقرة/154].

(3) { ولا تُسْأَلونَ عَمَّا كانوا يَعْمَلُونَ } [البقرة/ 134].

(4) {لا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وهم يُسْأَلُونَ } [الأنبياء/23].

(5) {أفلا يَنْظُرُونَ إلى الإبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ * وإلى السَّماءِ كيف رُفِعَتْ * وإلى الجِبالِ كيف نُصِبَتْ * وإلى الأرض كَيْفَ سُطِحَتْ } [الغاشية/17 – 20].

9- ابْنِ الأفعالَ في الجمل الآتية للمجهول:

(1)عَمَّ سَأَلَكَ المديرُ؟

(2)قَتَلَهُم المُجْرِمُ بالمُسَدَّس.

(3)لا يَسْأَلُهم أحدٌ عن سَبَبِ تَأَخُّرِهم.

(4) لِمَ أَخَذَكُمُ المُرَاقِبُ إلى المدير؟

(5)ضَرَبَنَا الرَّجُلُ بالعَصا.

(6)سَرَّنِي الخَبَرُ.

10-اِسْتَخْرِجْ من الدرس الأفعالَ المبنية للمجهول، واذكر نائب فاعل كل واحد منها.

11- يُوَجِّهُ المدرسُ إلى كل طالب هذا السؤال: (في أي عام ولدت؟) فيجيب الطالب قائلاً: (ولدتُ عامَ كذا للهجرة/ للميلاد) بادِئاً بالعدد الأدْنَى.

12- تُحْذَفُ الألِفُ واللاَّمُ من العَلَمِ المُقْتَرِنِ بهما عندَ النِّداءِ، نحو: الحَسَنُ/ ياحَسَنُ.

نادِ الأعلامَ الآتيةَ:

الحُسَيْنُ: الزُّبَيْرُ: الحَارِثُ: البَرَاءُ:

13- النَّسَبُ :إِلْحَاقُ ياءٍ مُشَدَّدَةٍ في آخرِ الاسْمِ لِتَدُلَّ على نِسْبَتِهِ، نحو:

الهِنْدُ: هِنْدِيٌّ.

العِرَاقُ: عِرَاقِيٌّ.

أُنْسُبْ إلى الأسماء الآتية:

| | | | |
|---|---|---|---|
| السودان | : ............................ | الكُوَيْتُ | : ............................ |
| اليابان | : ............................ | الدِّيْنُ | : ............................ |
| النَّحْوُ | : ............................ | التَّارِيْخُ | : ............................ |
سەۋەب تولدۇرغۇچىسىنىڭ زەبەرلىك ئوقۇلۇشى ئۈچۈن مۇنداق بەش خىل شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك: 1) ئۇ سەۋەب تولدۇرغۇچىسى مەسدەر بولۇشى كېرەك؛ 2) ئۇ مەسدەر قەلبىنىڭ پېئىلىغا ئائىت (قَلْبِيًّا) بولۇشى كېرەك؛ 3) ئۇ مەسدەر سەۋەبنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك؛ 4) ئۇ مەسدەر پېئىل بىلەن بىر زامان كېلىشى كېرەك؛ 5) ئۇ مەسدەر پېئىل ۋە پائىل بىلەن بىرگە كېلىشى كېرەك.

ئەگەر مەزكۇر شەرتلەردىن بىرەر شەرت تېپىلمىسا، سەۋەب تولدۇرغۇچىسى تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

جئْتُكَ للسَّمْنِ (مەن يېنىڭغا سېرىق ماي ئۈچۈن كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ جۈملىدىكى «سَمْنٌ» دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، مەسدەر ئەمەس. شۇڭا، «ل» بىلەن زىرلىك ئوقۇلغان.

﴿وَلَا تَقْتُلُوٓا۟ أَوْلَٰدَكُم مِّنْ إِمْلَٰقٍ﴾ دېگەن ئايەتتە بولسا، «قَلْبِيًّا» دېگەن شەرت تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇلغان.

«سافرتُ للعِلْمِ» دېگەن جۈملىدە بولسا، زامان ئوخشاش بولماي قالغان. يەنى، سەپەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن زامان، ئىلمنىڭ زامانى كېلىدىغان زامان. شۇڭا، تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇلدى.

سەۋەب تولدۇرغۇچىسى مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە كېلىدۇ:

1) «الـ» (ئەلىف لام) ۋە ئىزاپەتسىز كېلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە زەبەرلىك ئوقۇش كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ضَرَبْتُ ابْنِي تَأْدِيبًا (مەن ئوغلۇمنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردىم)
دېگەنگە ئوخشاش.
شۇنىڭدەك، تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:
ضَرَبْتُهُ لِتَأْدِيبٍ (مەن ئۇنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردىم)
دېگەنگە ئوخشاش.
2) «الـــ» (ئەلىف لام) بىلەن كېلىدۇ. ئۇنىڭدا تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ ۋە زەبەرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:
ضَرَبْتُ ابْنِي لِلتَّأْدِيبِ (مەن ئوغلۇمنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردىم)
ضَرَبْتُهُ التَّأْدِيبَ (مەن ئۇنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردىم)
3) ئىزاپەتتىكى ئېنىقلانغۇچى (مضاف) بولىدۇ. ئۇنىڭدا زەبەرلىك ئوقۇش ۋە تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇش دۇرۇس. مەسىلەن:
ضَرَبْتُهُ ابْنِي تَأْدِيبَهُ
(مەن ئوغلۇمنى ئۇنىڭ ئەدەب ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇردىم)
ضَرَبْتُهُ لِتَأْدِيبِهِ
(مەن ئۇنى ئەدەب ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇردىم)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «هَلاَّ» توغرىسىدا

«هَلاَّ» ـــ قىزىقتۇرۇش ۋە پۇشايمان قىلدۇرۇش قوشۇمچىسى بولۇپ، ئەگەر كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرسە، بىرەر ئىشقا قىزىقتۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
هَلاَّ تَزُورُنِي (مېنى زىيارەت قىلامسەن)
دېگەنگە ئوخشاش.
ئەگەر ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرسە، بىرەر ئىشقا پۇشايمان قىلدۇرۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:
هَلاَّ اجْتَهَدْتَ (سەن نېمە ئۈچۈن تىرىشمىدىڭ)
دېگەنگە ئوخشاش.
«هَلاَّ»دىن باشقىمۇ قىزىقتۇرۇش ۋە پۇشايمان قىلدۇرۇش قوشۇمچىلىرى بولۇپ، ئۇلار: أَلَّا، أَلَا، لَوْمَا، لَوْلَا قاتارلىقلاردۇر.
أَلَا تَتُوبُ مِنْ ذَنْبِكَ (سەن گۇناھىڭغا تەۋبە قىلامسەن)

# تمارين

1- أجب عن الأسئلة الآتية:

(1) لِمَ ينظر عدنان في الساعة مِراراً؟

(2) لِمَ حضر الدرس مع أنه مريض؟

(3) لِم منع المدرس زهيراً من الدخول؟

2- (اشتريتُ الكتابَ حُبّاً لِلنَّحْوِ). هنا (حُبَّا) مفعول لَهُ.

3- استخرج من الدرس أمثلة المفعول له.

4- عَيّن المفعول له في كل مثال مما يأتي:

(1) قال تعالى: {وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَه ابْتِغَاءَ مَرْضَاةِ اللَّه}[البقرة/207] .

(2) أُصادِقُ زميلي هذا دَفْعاً للفُرْقَةِ وَطَلَباً للخير.

(3) أَتَغَاضَى عن هَفَواتِ أَصْدقائي اسْتِبْقاءً لِمَوَدَّتِهِم.

(4) نَهَى النبي صلى الله عليه وسلم أن يُسَافَرَ بالقرآن إلى أرض العَدُوِّ مَخافَةَ أن يَنَالَه العدوُّ.

5- أمام كل جملة مما يأتي اسم. اجعله مفعولاً له، وأكمل به الجملة، واضْبِطْه بالشكل:

(1) لم أخرج ........................ من البيت من الحرّ. (خَوفٌ )

(2) التحقت بالجامعة الإسلامية ........................ في علوم الدين. (رَغْبَة)

(3) لم أَقْرَعِ الجرس ........................ أن يستيقظَ المريض. (مَخَافة)

(4) قمت ........................ للمدرس. (احتراماً)

(5) أَقرأ الصحف ........................ الاطّلاع على أحوال المسلمين في (بُغْيَةٌ )
العالم .

(6) لا أزال أَلْبَس ملابسَ الصُّوفِ ........................ أن يُصِيبَنِي بردٌ . (خَشْيَة)

- (هَلاّ غبت عن هذه الحِصَّة/ هلاّ أَشْكُوه إلى المدير). (هَلاّ) حرف التَّحْضِيض والتَّنْدِيم.

إذا دخلتْ على المضارع فهي لِلْحَضِّ على العمل، نحو: هلاّ تزورني.

وإذا دخلتْ على الماضي كانت لِجَعْلِ الفاعل يَنْدَمُ على فَوَاتِ الأمر، نحو: هلاّ اجتهدتَ.

هناك أحرف أخرى للتحضيض والتنديم، وهي: أَلاّ، أَلا، لَوْما، لَوْلا.

نحو: ألا تتوب من ذنبك.

6- هات مفرد الأسماء الآتية :

أَصَابع. صَواعِق. جُنُوب. مَضَاجِع. صَدَقات.

7- يدخل كل طالب (دَأْبِي وَدَيْدَنِي) في جملة

8- يدخل كلّ طالب (هَلاّ) في جملتين، تكون في الأولى للتحضيض وفي الأخرى للتنديم.

9- (رغبةً في العلم، لا رهبةً من الامتحان). هذه "لا" العَاطِفَةُ، ويُعْطَفُ بها لإخراج الثاني مما دَخَلَ فيه الأَوَّلُ. وشرطُ معطوفِها أن يكون مفرداً (أي غير جملة)، ويكون بعد الإيجاب أو الأمر، نحو:

(أ) سافَرَ بلالٌ ، لا محمدٌ . اشتريت الدَّجاجة مذبوحةً، لا حيَّةً.

(ب) اسألِ المديرَ، لا المدرسَ. كُل التفَّاحَ، لا الموزَ.

# (30)الدرس الثلاثون

**المدرس: اشْترَيتَ الأشياءَ المطلوبة لِصُنْع اللّوْحات النَّحْوية يا أحمد؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەھمەد، گىرامماتىكا لەۋھەسى ياساش ئۈچۈن كىرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالدىڭمۇ؟

**أحمد: نعم. اشتريت مِتريْنِ ورَقاً، وخمسةَ عشرَ قلماً بأَحْجامٍ وألوان مختلفة.**

ئەھمەد: شۇنداق. مەن ئىككى مېتىر قەغەز، خىلمۇ-خىل ھەجىم ۋە خىلمۇ-خىل رەڭدىكى ئون بەش قەلەم سېتىۋالدىم.

**المدرس: تعال يا علي، واكتب هذه الآيات على السبورة.**

ئوقۇتقۇچى:ئى ئەلى بۇ ياققا كەل، بۇ ئايەتلەرنى دوسكىغا يازغىن.

**علي: ليكتبها أحمد فإنه أحسنُ منيّ خطًّا.**

ئەلى: ئۇنى ئەھمەد يازسۇن چۈنكى ئۇ خەتنى مەندىن چىرايلىق يازىدۇ.

**(يكتبها أحمد)**

(ئەھمەد ئايەتلەرنى دوسكىغا يازىدۇ)

**المدرس: اقرأ هذه الآيات يا زهير.**

ئوقۇتقۇچى: ئى زۇھەير، بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغىن.

**زهير: ليقرأها حامد فإنه أحسنُنا تِلاوةً وأجمَلُنا صوتاً.**

زۇھەير: بۇ ئايەتلەرنى ھامىد ئوقۇسۇن چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى قۇرئاننى ئەڭ ياخشى تىلاۋەت قىلىدىغان ھەمدە ئاۋازى ئەڭ چىرايلىق قارىدۇر.

**حامد: (بعد الاستعاذة والبسملة) {وَمَنْ أَحسَنُ قَوْلاً مِّمَّنْ دَعَا إِلَى اللهِ وَعَمِلَ صَالِحاً وَقَالَ إِنني مِنَ الْمُسْلِمِينَ}[فصلت/33] .**

**{فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيراً يَرَه 0 وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَه}[ الزلزلة/ 7ـ8].**

هامىد: **(پاناھلىق تىلگەن ۋە بىسمىللا بىلەن باشلىغاندىن كېيىن)**

{ الله قا (يەنى الله نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەل قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ [33]}

المدرس: **ما شاء الله! أَحْسِنْ بِكَ قارِئاً! مَلأ الله قَلْبَك سُروراً كما ملأت قلوبنا بَهْجَةً وسروراً... اقرأ الحديث يا عليّ.**

ئوقۇتقۇچى: اللّٰەنىڭ تەقدىرى شۇنداق! سەن نىمە دېگەن ياخشى قارى ھە! الله بىزنىڭ قەلبلىمىزنى خۇشال-خۇراملىققا تولدۇرىۋەتكەندەك سىنىڭ قەلبىڭنىمۇ خۇشاللىققا تولدۇرىۋەتسۇن.

علي: **عن نافعٍ عن عبد الله بن عمر ـ رضي الله عنهما ـ قال: "أمر النبيّ صلى الله عليه وسلم بِزكاة الفِطْر صَاعاً من تَمْرٍ أو صاعاً مِنْ شَعِيرٍ".(رواه الشيخان وغيرهما).**

ئەلى: نافعٍ عن عبد الله بن عمر- رضي الله عنهما- دىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن: « پەيغەمبەر ـ صلى الله عليه ـ (رامىزاندىكى) سەدىقە پىترنى خورمىدىن بىرسا(صاع) ياكى ئارپىدىن بىرسا(صاع) بىرىشكە بۇيرىدى» (رواه الشيخان وغيرهما)

## بۇ دەرستىكى گراماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: پەرقلەندۈرگۈچى (تَمْيِيز) توغرىسىدا

پەرقلەندۈرگۈچى ــ ئالدىنقى بۆلەكتىكى ئۇقۇمسىزلىقنى بايان قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان «مِن» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنىقسىز ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

عِنْدِي مِتْرٌ حَرِيرًا (مېنىڭ يېنىمدا بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

حَسُنَ حَامِدٌ خُلُقًا (هامىد ئەخلاقتا ياخشى بولدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

پەرقلەندۈرگۈچى (التمييز) ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: 1) تمييز ذات؛ 2) تمييز نسبة.

**تەمىيز زات** (تمييز ذات) ــ مقداردىن كېيىن كېلىدۇ. مقدار تۆت تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار:

1) سان. مەسىلەن: كَمْ كِتَابًا قَرَأْتَ (سەن قانچە كىتاب ئوقۇدۇڭ)؟ دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئۇزۇنلۇق ئۆلچەملىرى. مەسىلەن: عِنْدِي ذِرَاعٌ أَرْضًا (مېنىڭ بىر گەز زېمىنىم بار)، دېگەنگە ئوخشاش.

3) هەجىم (كەمچەن) ئۆلچەملىرى. مەسىلەن: أَعْطَيْتُهُ صَاعًا تَمْرًا (مەن ئۇنىڭغا بىر سا خورما بەردىم)، دېگەنگە ئوخشاش.

4) ئېغىرلىق ئۆلچەملىرى. مەسىلەن: أَعِنْدَكَ رِطْلٌ سَمْنًا (سەندە بىر رەتلە سېرىق ماي بارمۇ)؟ دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە پەرقلەندۈرگۈچى مقدارغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مَا فِي السَّمَاءِ قَدْرُ رَاحَةٍ سَحَابًا

(ئاسماندا ئالقانچىلىك يەردە بۇلۇت يوق)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تەمىيز زات** (تمييز ذات)قا ئائىت قائىدىلەر:

1) ئۇنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇش دۇرۇس. مەسىلەن:

عِنْدِي مِتْرٌ حَرِيرًا (مەندە بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئۇنى «مِنْ» بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

عِنْدِي مِتْرٌ مِنْ حَرِيرٍ    (مەندە بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

دَېگەنگە ئوخشاش.

3) ئۇنى ئىزاپەت بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

عِنْدِي مِتْرُ حَرِيرٍ    (مەندە بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

دَېگەنگە ئوخشاش.

4) ئەگەر پەرقلەندۈرگۈچىنىڭ غەيرىگە مىقدارنى ئۆتكۈزىدىغان سۆز ئىزاپەت قىلىنسا، پەرقلەندۈرگۈچى زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْ أَحَدِهِمْ مِلْءُ الْأَرْضِ ذَهَبًا﴾ (ئال ئىمران 91ـ ئايەت)

(يەر يۈزىگە بىرَ كېلىدَىغَانَ ئالتۇن پَىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تەمىيز نىسبەت** (تمييز نسبة )ــ جۈملىدىكى نىسبەتنىڭ ئۈمۈمىسىزلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

حَسُنَ هَذَا الطَّالِبُ خُلُقًا    (بۇ ئوقۇغۇچى ئەخلاقتا چىرايلىق بولدى)

دېگەنگە ئوخشاش. بۇ جۈملىدە چىرايلىقنىڭ نىسبىتى ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن مۇبھەم بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۈمۈمىسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن «خُلُقًا»دىن ئىبارەت بىر پەرقلەندۈرگۈچى كەلتۈرۈلگەن.

تمييز نسبةكە ئائىت قائىدىلەر:

1) ئەسلىسى پائىل بولغان سۆز تمييز نسبةنىڭ قاتارىدىندۇر. مەسىلەن:

حَسُنَ الطَّالِبُ خُلُقًا    (ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاقى ياخشى بولدى)

بۇ جۈملىنىڭ تەقدىرى: «حَسُنَ خُلُقُ الطَّالِبِ».

2) ئەسلىسى مەپئۇل بولغان سۆز تمييز نَسبَةنىڭ قاتارىدىندۇر. مەسىلەن:

فَجَّرْنَا الْأَرْضَ عُيُونًا    (بىز زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق)

بۇ جۈملىنىڭ تەقدىرى: «فَجَّرْنَا عُيُونَ الْأَرْضِ».

3) **تەمىيز نىسبەت** (تمييز نسبة )نىڭ ئاخىرى زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلمايدۇ.

بۇ توغرىدىكى زىيادە تەپسىلاتلار ئاللاھ خالىسا كېيىنكى دەرسلەردە كېلىدۇ.

**2- مەزمۇن: ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى (فعل التَّعَجُّب) توغرىسىدا**

ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى ـــ شەيئىلەردىكى سۈپەتنىڭ كاتتىلىقىنى ياكى ئۇنىڭدىن ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدىن ئىبارەت.

بۇ پېئىلنىڭ ئىككى خىل ئۆلچىمى بولۇپ، بىرى «مَا أَفْعَلَهُ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ؛ يەنە بىرى «أَفْعِل بِهِ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. بۇنىڭدا «بِه»دىكى «ب» زىيادە بولۇپ، «ه» (ھائ)دېگەن كىشىلىك ئالماش «أَفْعِلْ» دېگەن پېئىلنىڭ پائىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

مَا أَجْمَلَ السَّمَاءَ (ئاسمان نىمىدېگەن گۈزەل)

أَجْمِلْ بِالسَّيَّارَةِ (ماشىنا نىمىدېگەن چىرايلىق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

1- أجب عن الأسئلة الآتية:

(1)ما الأشياء التي اشتراها أحمد لصنع اللوحات النحوية؟

(2)من الذي كتب الآيات على السبّورة؟

(3)من الذي قرأها؟

2- (اشتريتُ مِتْرَيْنِ وَرَقاً) هنا (وَرَقاً) تَمْيِيزٌ.

التَّمْيِيزُ :اسمٌ نَكِرَةٌ مُتَضَمِّنٌ معنى (مِنْ) لِبيان ما قبله من إجْمالٍ، نحو:

(1)عندي مِتْرٌ حَرِيراً.

(2)حَسُنَ حامدٌ خُلُقاً.

فتقدير الجملتين:

(1)عندي مترٌ مِنْ حريرٍ.

(2)حَسُنَ حامدٌ مِنْ جِهَةِ خُلُقِه.

التمييز نوعان:

(1)تَمْيِيزُ الذَّاتِ.

(2)وتَمَييز النِّسْبَةِ.

تمييز الذات:

هو الواقعُ بعدَ المَقَادِيرِ، والمقاديرُ أربعةُ أنواعٍ:

(1)العَدَدُ، نحو: {يا أَبَتِ إنّي رأيْتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوْكَباً} كم كتاباً قرأت؟

(2)المَمْسُوحات، نحو: عندي ذِرَاعٌ أرْضاً.

(3)المكيلات، نحو: أعطيته صاعاً تَمْراً.

(4)المَوْزونات، نحو: أعندك رِطْلٌ سَمْناً؟

ويُلْحَقُ به الدالَّ على ما يُشْبِهُ المِقْدارَ، نحو:

(1)ما كانَ في السماء قدْرَ رَاحَةٍ سَحاباً.

(2)عندي جَرَّةٌ ماءً. أريد كِيساً دَقِيقاً.

(3) {فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْراً يَرَهُ}.

حُكْمُه:

يجوزُ نَصْبُه نحو: عندي مترٌ حريراً.

ويجوز جرّه بـ(مِنْ)، نحو: عندي مترٌ مِنْ حريرٍ.

كما يجوز جرّه بالإضافة، نحو :عندي مِتْرُ حَرِيرٍ.

وقد يضاف الدّالُّ على المِقْدار إلى غير التمييز، نحو: ما في السَّماء قَدْرُ راحةٍ سحاباً. {فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْ أَحَدِهِم مِلْءُ الأرضِ ذَهَباً} وقال النبي صلى الله عليه وسلم : "... من استطاع أن لا يحال بينه وبين الجنة بملْءِ كف من دمٍ هَراقه فليفعل"[البخاري/ الأحكام-9].

**تمييز النسبة:**

هو ما فَسَّرَ جملةً مُبْهَمَةَ النِّسْبَةِ، نحو: حَسُنَ هذا الطالبُ خُلُقاً. فإن نِسْبَةَ الحُسْنِ إلى الطالب مُبْهَمَةٌ تَحتَمِلُ أُمُوراً كثيرةً، فجاء التمييز (خُلُقاً) لإِزالَة هذا الإِبْهام.

من تمييز النسبة ما كان أصلُه فاعلاً، نحو: ء حَسُنَ الطالبُ خُلُقاً.

تقديره : حَسُنَ خُلُقُ الطالب.

ومنه ما كان أصله مفعولاً، نحو: {وفَجَّرْنا الأرضَ عُيوناً}

تقديره : فَجَّرْنا عُيُوْنَ الأرضِ.

حكمه أنه منصوب، ولا يجوز جرّه.

(فيه تَفْصِيلٌ ستدرسه فيما بعد إن شاء الله).

3- استخرج ما في الدرس من أمثلة التمييز، واذكر نوع كل واحد منها.

4- عين التمييز فيما يلي، واذكر نوعه:

(1)أنا أكبرُ منك سِنّاً.

(2)اِشترِ كيلو غراماً سُكَّراً، ولترَينِ لَبَناً.

(3)قرأت عشرين صفحةً.

(4)طابَ المدرِّسُ نَفْساً.

(5)غَرَسَتْ البَلَدِيَّةُ الشَّوارِعَ شَجَراً.

(6) {ومَنْ أَحسَنُ مِنَ الله حُكْماً}[المائدة/ 50].

(7) {كالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ كَانُوا أَشَدَّ مِنكُمْ قُوَّةً وأكثَرَ أموالاً وأوْلاداً}[التوبة/ 69].

(8) {وحَسُنَ أولئكَ رَفِيقاً}[النساء/69].

5- أكمل كل جملة مما يأتي بـ(تمييز) مناسب:

(1)اشتريت مِتْراً. ..........................................

(2)اِملأ الكوب. ..........................................

(3)حامد أكثرُ الطلابِ. ..................................

(4)مَنْ أَحْسَنُكم. ..................................

(5)أريد كيلو غِراماً. ..................................

6- (عندي صاغٌ بُراً). اجعل التمييز في هذه الجملة مجروراً بـ (من) مرة، وبالإضافة مرة أخرى.

7- (صُنْعٌ ) مصدر (صَنَعَ يَصْنَعُ) وهو على وزن (فُعْل). هات مصادر الأفعال الآتية على وزن (فُعْل):

شَرِبَ. شَكَرَ. وَدَّ. زَهِدَ. سَكِرَ.

8- تمرين شفوي: يقول كل طالب: زميلي أحسنُ الطلابِ. ..................................

مستعملاً تمييزاً مناسباً.

- لِلتَّعَجُّب صيغتان: (ما أَفْعَلَهُ!) و(أَفْعِلْ بِهِ!). نحو: ما أَجْمَلَ السيارةَ! أَجْمِلْ بالسيَّارةِ!

في التنزيل: {أَبْصِرْ بِهِ وأَسْمِعْ }[الكهف/26].

{أَسْمِعْ بِهِمْ وأَبْصِرْ يَوْمَ يَأْتُونَنَا} [مريم/38].

{فَمَا أَصْبَرَهُمْ عَلَى النَّارِ}[البقرة/175].

تَعجَّبْ مما يأتي مستعملاً فِعْلَي التَّعَجُّب:

(1)كَثْرَةَ النُّجوم. (2)سُهُولَةَ اللغة العربيَّة.

(3)بُعْد السَّماء. (4)حُسْن اللَّبَن.

(5)قُرْب الامتحان.

9- تأمَّل المثال، ثم أدخل "مِلْء" في خمس جمل على غِراره:

أريد مِلْء كفٍّ سُكّراً.

# (31) الدرس الحادي و الثلاثون

**المدرس: مالَك مُتْعَباً يا أحمد؟**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەھمەد، ساڭا نمە بولدى ھاسراپ كتپسەن؟

**أحمد: سمعت رَنِين الجرس وأنا في غرفتي، فجئت مُسْرِعاً، فَتَعِبت.**

ئەھمەد: مەن ياقتكى ۋاقتتا قوڭغىراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم-دە ناھايتى ئالدىراپ كەلدىم، شۇڭا ھاسراپ كەتتىم.

**المدرس: أين سمير؟**

ئوقۇتقۇچى: سەمىر قەيەردە؟

**علي: ضاعت ساعته، فخرج يَبْحَثُ عنها.**

ئەلى: ئۇنىڭ سائىتى يوقاپ كەتتى، شۇڭا ئۇ ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

**المدرس: وأين زهير وصديقاه؟**

ئوقۇتقۇچى: زۇھەير ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى قەيەردە؟

**أحمد: رأيتهم خارجين من المطعم.**

ئەھمەد: مەن ئۇلارنىڭ ئاشخانىدىن چىقىپ كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

**المدرس: اقرأ الآيات يا أحمد. (يقف أحمد) اقرأ جالساً.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەھمەد ئايەتلەرنى ئوقۇغىن. (ئەھمەد ئورنىدىن تۇرىدۇ) ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن.

**أحمد: أحبّ أن اقرأ واقفاً. (يستعيذ ويبسمل):**

ئەھمەد: مەن ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. ( ئۇ شەيتاندىن پاناھلىق تىلەيدۇ ۋە بسمىللا بىلەن باشلايدۇ):

**{رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلِوالِدَيَّ وَلِمَنْ دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِناً}[نوح/28].**

{ پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە مەغپىرەت قىلغىن }

**{وَجَاءُوا أَبَاهُمْ عِشَاءً يَبْكُونَ}[يوسف/16].**

{ ئۇلار كەچتە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كېلىشتى [16].}

**{ أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ}[البقرة/ 243].**

{ ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟[6]}

**{ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتاً } [الحجرات/12].**

{ سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى[7] ياقتۇرامسىلەر؟ }

**المدرس: اقرأ الحديث ياعلي.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەلى، ھەدىسنى ئوقۇغىن.

---

[6] 6) بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلدىن بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، الله نىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

[7] 7) غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.

**علـي: عن أبو موسى الأشعري قال: قال رسول اللّه صلى الله عليه وسلم : "إذا مَرِضَ العَبْـدُ أو سافر كُتِبَ له مِثْلُ ما كان يعمل مُقِيماً صَحِيحاً". (رواه البخاري).**

ئەلى: ئەبۇ مۇسا (أبو موسى الأشعري) دىن نەقلى قىلىندىكى پەيغەمبەر (صلى الله عليه) مۇنداق دېگەن: « ئەگەر بىر بەندە ئاغرىپ قالسا ياكى سەپەرگە چىقسا ئۇنىڭ ئۈچۈن تىنى ساق، مۇقىم تۇرغان ۋاقىتتا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ» (رواه البخاري)

**المدرس: اقرأ البَيْتَ يا أبا بكر.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەبۇ بەكرى بېيتنى ئوقۇغىن.

**أبو بكر: حَتَّى مَتَى أنتَ في لَهْوٍ وفي لَعِبٍ ؟**

**والموت نحوك يهوي فاتحا فاه**

ئەبۇ بەكرى: سەن قاچان ئويۇن تاماشاغا چۆمۈپ كەتسەڭ؟

ئۆلۈم سەن تەرەپكە ئاغزىنى ئېچىپ كېلـــــدۇ.

**المدرِّس: شَبَّهَ الشاعِرُ الموتَ بَأَسَدٍ فاتحٍ فاه.**

ئوقۇتقۇچى: شائىر ئۆلۈمنى ئاغزىنى كەلگەن يولۋاسقا ئوخشاتتى.

**(يرن الجرس ويخرج المدرس قائلاً : وَفَّقَكم الله والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته).**

(قوڭغىراق چېلىنىدۇ ، ئوقۇتقۇچى الله سىلەرنى توغرا يولغا باشلىسۇن.. السلام عليكم ورحمة الله وبركاته.. دېگەن ھالەتتە چىقىپ كېتىدۇ.)

## بۇ دەرستىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەر:

### هال توغرىسىدا

هال ـــ هال ئىگىسىنىڭ ھالىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان ئارتۇق سۆپەتتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

جَاءَ حَامِدٌ رَاكِبًا دَرَّاجَتَهُ (ھامىد ئۆز ۋېلسىپىتىگە مىنگەن ھالەتتە كەلدى)

اِشْتَرَيْتُ الدَّجَاجَةَ مَذْبُوحَةً (مەن بوغۇزلانغان توخۇنى سېتىۋالدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

**هال ئىگىسى ياكى پائىل بولىدۇ.** مەسىلەن:

خَرَجَ الطُّلَّابُ مِنْ قَاعَةِ الْإِمْتِحَانِ مَسْرُورِينَ

هال ئىگىسى   هال

(ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان مەيدانىدىن خۇشال-خۇرام چىقتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**ياكى نائىب پائىل بولىدۇ.** مەسىلەن:

يُؤْكَلُ اللَّحْمُ مَطْبُوخًا (گۆش پىشۇرۇلغان ھالەتتە يېيىلىدى)

هال ئىگىسى   هال

دېگەنگە ئوخشاش.

**ياكى تولدۇرغۇچى (مفعول به) بولىدۇ.** مەسىلەن:

اِشْتَرَيْتُ الْكِتَابَ مُجَلَّدًا (مەن توپلام كىتاب سېتىۋالدىم)

هال ئىگىسى   هال

دېگەنگە ئوخشاش.

**ياكى خەۋەر بولىدۇ.** مەسىلەن:

هٰذَا الْهِلَالُ طَالِعًا (مانا بۇ يېڭى چىققان ئاي)

هال ئىگىسى   هال

دېگەنگە ئوخشاش.

**ياكى ئىگە بولىدۇ.** مەسىلەن:

دَخَلْتُ عَلَى الْمُدِيرِ وَعِنْدَهُ مُدَرِّسُنَا جَالِسًا

هَال ئُگىسى هَال

(مەن مۇدىرنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇنىڭ يېنىدا ئوقۇتقۇچىمىز ئولتۇرىدۇ)

دىققەت قىلىڭ.

هال ئىگىسى ئەسلىدە ئېنىق ئىسىم بولۇشى كېرەك، بىراق بەزى ئەھۋاللاردا ئېنىقسىز ئىسىم هال ئىگىسى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق تۆت خىل ئەھۋالدۇر:

1) هال، هال ئىگىسىدىن ئىلگىرى كېلىپ قالسا، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَنِي سَائِلًا طَالِبٌ (مېنى بىر ئوقۇغۇچى سوراپ كەلدى)

هال هال ئىگىسى

دىققەت قىلىڭ.

2) هال ئىگىسى سۈپەت ياكى ئىزاپەت بىلەن خاسلاشتۇرۇلسا، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَنِي طَالِبٌ مُوَاظِبٌ مُسْتَأْذِنًا فِي الْخُرُوجِ

هَال ئىگىسى هال

(مېنىڭ يېنىمغا بىر ئاكتىپ ئوقۇغۇچى چىقىشقا رۇخسەت سوراپ كەلدى)

جَاءَنِي طَبِيبُ أَسْنَانٍ مُسْتَفْتِيًا

هَال ئىگىسى هال

(چىش دوختۇرى مەندىن پەتىۋا سوراپ كەلدى)

دىققەت قىلىڭ.

3) هال ئىگىسىدىن بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرى ئىلگىرى كەلسە، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

مَا جَاءَ الْيَوْمَ أَحَدٌ مُتَأَخِّرًا (بۈگۈن بىرسى كېچىكىپ كەلمىدى)

هال ئىگىسى هال

لَا يَدْخُلْ أَحَدٌ قَاعَةَ الْإِمْتِحَانِ حَامِلًا حَقِيبَتَهُ

هال ئىگىسى هَال

(بىرسى ئىمتىھان مەيدانىغا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرمىسۇن)

أَجَاءَ الْيَوْمَ أَحَدٌ مُتَأَخِّرًا (بۈگۈن بىرسى كېچىكىپ كەلدىمۇ)

هال ئىگىسى هال

دىققەت قىلىڭ.

4) هال، هال ئىگىسىدىن كېيىن «و» قوشۇلغان جۈملە بىلەن كەلسە، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلَى قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا﴾

هال ئىگىسى هال

(ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يېقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس)تىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە هال ئىگىسى قائىدىسىز هالدا ئېنىقسىز ئىسىمدىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

«صَلَّى رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَاعِدًا وَصَلَّى وَرَاءَهُ رِجَالٌ قِيَامًا» (هەدىس)

هال ئىگىسى هال

(پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇدى، كەينىدىكى كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە هال ئىسمىلىق جۈملە بولىدۇ، بەزىدە پېئىللىق جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

جَلَسْتُ أَسْتَمِعُ إِلَى تِلَاوَةِ الْقُرْآنِ الْكَرِيْمِ مِنَ الْإِذَاعَةِ

هال

(مەن رادىئودىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم)

حَفِظْتُ الْقُرْآنَ وَأَنَا صَغِيْرٌ (مەن كىچىك تۇرۇپ قۇرئاننى يادلىدىم)

هال

دېگەنگە ئوخشاش.

**هال جۈملىنىڭ شەرتلىرى:**

هال جۈملىدە مۇنداق ئۈچ خىل شەرت هازىرلىنىشى كېرەك:

1) هال جۈملە خەبەرىييە (خبرية) بولۇشى كېرەك؛

2) هال جۈملە كېلىدىغان زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن باشلانماسلىقى كېرەك؛

3) هال جۈملە هالنى هال ئىگىسىگە باغلايدىغان باغلىغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. باغلىغۇچىلار:

(1) ياكى پەقەت كىشىلىك ئالماش بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَجَاؤُوْا أَبَاهُمْ عِشَاءً يَبْكُوْنَ﴾

(ئۇلار كەچتە دادىسىنىڭ يېنىغا يىغلىغان هالەتتە كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ياكى پەقەت «و» بولىدۇ. مەسىلەن:

وَصَلْتُ إِلَى مَكَّةَ وَالشَّمْسُ تَغْرُبُ

(مەن قۇياش ئولتۇرغاندا مەككىگە يېتىپ كەلدىم)
دېگەنگە ئوخشاش.
(3) ۋەياكى «و» بىلەن كىشىلىك ئالماش بىرگە بولىدۇ. مەسىلەن:
﴿... خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ ...﴾
(ئۇلار مىڭلارچە تۇرۇقلۇق ... يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان ....)

## تمـارين

1– أجب عن الأسئلة الآتية:

(1)لماذا كان أحمد مُتْعَباً؟

(2)لم خرج سمير؟

(3)من الذي قرأ البيت؟

2– (جئتُ مُسْرِعاً) هنا (مسرعاً) حَال.

الحَالُ :وَصْفٌ فَضْلَةٌ يذْكَرُ لِبَيَانِ هَيْئَةِ صاحِبه، نحو :جاء حامدٌ راكباً درّاجتَه. اشتريت الدجاجةَ مَذْبوحةً. هذا أستاذُنا داخلاً الفصل.

وصاحب الحال:

إما فاعل :نحو: خرج الطلابُ من قاعة الامتحان مسرورينَ.

وإما نائب فاعل :نحو: يُؤكَل اللحمُ مطبوخاً.

وإما مفعول به :نحو: اشتريت الكتابَ مُجَلَّداً.

وإما خبر :نحو: هذا الهلالُ طالعاً.

وإما مبتدأ :نحو: دخلت على المدير، وعنده مدرسُنا جالساً.

الأصلُ في صاحب الحالِ أن يكون معرفةً، وقد يكون نَكِرَةً عند وجود مُسَوِّغٍ، وهو أحد أمور أربعة:

(1)أن تَتَقَدَّمَ عليه الحالُ :نحو: جاءني سائلاً طالبٌ.

(2)أن يُخَصَّصَ بِوَصْفٍ أو إِضافَةٍ : نحو: جاءني طالبٌ مُواظِبٌ مُسْتَأذِناً في الخروج. جاءني طبيبُ أسنانٍ مُسْتَفْتِياً.

(3)أن يَسْبِقَه نَفْيٌ أو نَهْيٌ أو اسْتِفْهامٌ : نحو: ما جاء اليوم أحدٌ متأخراً. لا يدخلْ أحدٌ قاعةَ الامتحانِ حاملاً حقيبته. أجاء اليومَ أحدٌ متأخراً؟

(4) أن تكون الحال بعده جملةً مقرونةً بالواو: نحو: {أَوْ كَالذِي مَرَّ عَلَى قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا}[ البقرة/ 259].

وقد تجئُ الحالُ من النكرة بلا مُسَوِّغٍ كما في هذا الحديث: "صلّى رسول الله صلى الله عليه وسلم قاعداً، وصلّى وراءه رجالٌ قِياماً."

الحال الجملة:

قد تكون الحال جملةً اسميةً أو فعليّةً، نحو:

(1)جلست أَسْتَمِعُ إلى تلاوة القرآن الكريم من الإذاعة.

(2)التحقت بالجامعة وقد تَخَرَّجَ أخي.

(3)حفظت القرآن وأنا صغير. جاء الجريح دَمُه يَتَدَفَّقُ.

تشتمل الحال الجملة على رابِطٍ يَرْبِطُها بصاحِبها. والرابط:

(أ) إمّا الضمير وحده، نحو: {جَاءوا أَباهم عِشَاءً يبكون}.

(ب) وإما الواو وحدها، نحو: وصلت إلى مكة والشمسُ تَغرُبُ.

(ج) وإما الواو والضمير معاً، نحو: {خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلوفٌ}.

3- استخرج من الدرس ما ورد فيه من أمثلة الحال.

4- عين الحال وصاحبها فيما يلي:

(1)دخلت المستشفى مريضاً، وخرجت منه مُعَافىً، والحمد لله.

(2)أحبّ اللحمَ مَشْوِيّاً، والسَّمَكَ مَقْلِيّاً، والبَيْضَ مَسْلوقاً.

(3)ماذا قال لك المدرس مُشِيراً بيده إلى اللوحةِ؟

(4)مالَكَ حزيناً؟

(5)جاءتني الطفلة باكيةً، ورجعت ضاحكةً.

(6)قابلتُ أخواتي راجعاتٍ من المدرسة.

(7)كلَّمني المدرسُ ماشِيَيْن.

(8)أمَوْزوناً يُباع التمرُ أم مَكِيلاً؟

(9)لِمَ صلّيت قاعداً؟

(10)هؤلاء أبنائي خارجين من البيت.

(11)حامدٌ مُفْرَداً أقْوى من أعدائِه مُجْتَمِعِين.

(12)أراكبين جئتم أمْ ماشِيْنَ؟

(13) قال تعالى: {وَمَا خَلَقْنا السَّماءَ وَالأرْضَ وَمَا بَيْنَهُما لاعِبِينَ} [الأنبياء/ 16].

5- أكمل الجمل الآتية بوضع الحال الواردة في المثال في الأماكن الخالية بعد تغييرها لتناسب صاحبها، عِلْماً بِأنَّ الحالَ تُطابِقُ صاحِبَها في الإفراد والتثنية والجمع، وفي التذكير والتأنيث:

(1)دخل الطالب قاعةَ الامتحانِ مستعداً.

(2)دخل الطلاب قاعة الامتحان. ......... ... .......

(3)دخلت الطالبة قاعة الامتحان. ......... ... .......

(4)دخلت الطالبات قاعة الامتحان. ......... ... .......

6- عين الجملة الحالية فيما يأتي، واذكر الرابط في كل واحدة منها:

(1)حججت وأنا صغير.

(2) {لا تَقْرَبُوا الصلاة وأنتم سُكَارَى}.

(3)خرجنا نَتَنَزَّهُ.

(4)وصل الطبيب وقد مات الجريح.

(5)جلست الطالبات يَكتُبْنَ الواجبات.

(6) قال النبي صلى الله عليه وسلم : "يا أيها الناس، أَفْشُوا السَّلام، وأَطْعِمُوا الطعام، وصِلُوا الأرْحام، وصَلُّوا بالليل والناسُ نِيَامٌ تدخلوا جنة ربكم بسلام " . (رواه الترمذي وابن ماجه وأحمد والدارمي).

- يقول كل طالب : جلست أَقرأ / أكتب/ أُفكر

- (فاتحاً فَاهُ). (فُو) من الأسماء الخمسة. تقول: فُوهُ صغيرٌ . اغسل فاكَ. يقول بِفِيْهِ ما ليس في قلبه.

7- (لَعِبٌ ) مصدر (لَعِبَ يَلْعَبُ)، وهو على وزن (فَعِل).

هات المصدر من "كَذَبَ، وضَحِكَ " على وزن "فَعِل".

8- هات مضارع :(هَوَى) و(أَفْشَى).

9- هات جمع (بيت) بمعنى بَيْتِ شِعْرٍ ، وجمعَ "فَمٍ".

10- هات مفرد: أرْحام، وسُكارَى.

- "نِيَامٌ" جمعُ" نَائِمٍ، ونائمةٍ" مثل "قِيَام" جمعِ "قائِمٍ، وقائِمة". قال تعالى{ :الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَى جُنُوبِهِمْ .{... و"قُعُود" جمع "قاعد، وقاعدة". في الحديث : "خرج رسولُ الله صلى الله عليه وسلم فَإذا نِسْوَةٌ جُلُوسٌ". (رواه ابن ماجه في الجنائز).

# (32)الدرس الثاني و الثلاثون

**علي: ما نَتِيجةُ الاختبار الشهريّ يا أستاذ؟**

ئەلى: ئى ئۇستاز،ئايلىق ئىمتاھاننىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

**المدرس: نجح الطلابُ كلُّهم إلاّ واحداً مِنْهُم.**

ئوقۇتقۇچى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىمتاھاندى ئۆتتى لىكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ئۆتەلمىدى.

**إبراهيم: أخشَى أن أكون إيّاه.**

ئىبراھىم: مەن ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەن كىشى بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.

**المدرس: نعم، أنت ذاك.**

ئوقۇتقۇچى: شۇنداق، سەن ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىگەن كىشى.

**إبراهيم: كيف رسبتُ وقد أجبتُ عن الأسئلة كلّها إلاّ الأوّل.**

ئىبراھىم: مەن قانداقسىگە ئۆتەلمىدىم، مەن پەقەت بىرىنچى سۇئالدىن باشقا سۇئاللارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بەرگەن ئىدىم.

**المدرس: الأول هو المُهِمُّ، وله ثلاثون دَرَجَةً. يا إخوان اجتهدوا اجتهاداً فقد اقترب الامتحان النهائيّ، ولم يبقَ إلاّ شهرٌ واحدٌ أو أقلُّ.**

ئوقۇتقۇچى: بىرىنچى سۇئال بەك مۇھىم، ئۇنىڭغا ئوتتۇز نومۇر بېرىلىدۇ. ئى قېرىنداشلار قاتتىق تىرىشىڭلار چۈنكى ئاخىرقى ئىمتاھان يېقىنلاپ قالدى، ئىمتاھانغا پەقەتلا بىر ئاي ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ۋاقىت قالدى.

**زهير: كم درساً ندرس للامتحان؟**

زۇھەير: بىز ئىمتاھانغا قانچە دەرس ئوقۇيمىز؟

**المدرس: ندرس الكتابَ كلَّه إن شاءَ اللهُ.**

ئوقۇتقۇچى: بىز اللە خالىسا كىتابنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيمىز.

**أحمد: إلاّ الدرسَيْنِ الأخيرَيْنِ.**

ئەھمەد: پەقەت ئاخىرقى ئىككى دەرسنى ئوقۇمايمىز.

**المدرس: لا. بل ندرس الكتابَ كله.**

ئوقۇتقۇچى: ياق. بەلكى بىز كىتابنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇيمىز.

**(يسجِّل الغِياب) مَنْ غائبٌ اليوم؟**

(ئۇ كەلمىگەنلەرنى تىزىملايدۇ) بۈگۈن كىم كەلمىدى؟

**علي: ما غاب اليوم إلاّ حامدٌ.**

ئەلى: بۈگۈن پەقەتلا ھامىد كەلمىدى.

**زهير: أين دفتري يا أستاذ؟**

زۇھەير: ئى ئۇستاز، مېنىڭ دەپتىرىم قەيەردە؟

**المدرس: هو معي. سَأُعْطِيكَهُ غداً إن شاءَ اللهُ. لقد صحَّحْتُ الدفاترَ كلَّها إلاّ إياه... في الحِصّة السابقة شرحت لكم الدرس إلا جُملاً منه. إذا أردتم أُعِيدُ شَرْحَه قبل أن أشرح الجمل التي لم تُشْرَحْ بَعْدُ.**

ئوقۇتقۇچى: ئۇ مەندە. اللە خالىسا مەن ئۇنى ساڭا ئەتە بېرىمەن. مەن ئۇنىڭدىن باشقا دەپتەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈزىتىپ بولدۇم... ئالدىنقى سائەتتە مەن سىلەرگە دەرسنى چۈشەندۈردۈم پەقەتلا بىر قىسىم جۈملىلەرنى چۈشەندۈرمىدىم. ئەگەر سىلەر تىنچى چۈشەندۈرۈلمىگەن جۈملىلەرنى چۈشەندۈرۈشتىن بۇرۇن ئۇنى قايتا چۈشەندۈرۈشىمنى خالىساڭلار..

**إبراهيم: لا حاجَةَ إلى إعادة شرحه يا أستاذ، فقد فهمناه.**

ئىبراھىم: ئى ئۇستاز، قايتا چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى بىز ئۇنى چۈشەندۇق.

**علي: أرجو أن تعيد شرحه يا أستاذ، فلم يفهمه أحدٌ إلا إبراهيم.**

ئەلى: ئى ئۇستاز، دەرسنى قايتا چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭنى ئۈمۈت قىلىمەن، چۈنكى دەرسنى ئىبراھىمدىن باشقا ھېچ كىشى چۈشەنمىدى.

**المدرس: إذن نُعيدَ قراءة الأمثلة الواردة في الدرس. اقرأ الآيات يازهير.**

ئوقۇتقۇچى: ئۇنداقتابىز دەرستە كەلگەن مىساللارنى قايتا ئوقۇيمىز. ئى زۇھەير ئايەتلەرنى ئوقۇغىن.

**زهير: (بعد الاستعاذة) {وَ إِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ اسْجُدُوا لآدَمَ فَسَجَدُوا إلاَّ إبْلِيسَ أبَى واسْتَكْبَرَ وكَانَ مِنَ الكَافِرِينَ}[البقرة/34].**

زۇھەير: (پاناھلىق تىلىگەندىن كىيىن) { ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى [34].}

**{فَشَرِبُوا مِنْهُ إلاَّ قَلِيلاً مِنْهُمْ}[البقرة/249].**

{ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى.}

**{ مَافَعَلُوهُ إلاَّ قَلِيلاً مِنْهُمْ } [النساء/66].**

{ ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى،}

**{ فَهَلْ يُهْلَكُ إلاَّ القَوْمُ الفَاسِقُون } [الأحقاف/35].**

{ پەقەت پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ }

**المدرس: اقرأ الحديث يا علي.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەلى، ھەدىسنى ئوقوغىن.

**علي: عن عمرو بن الحارث قال: "ما تَرك رسول الله صلى الله عليه وسلم ديناراً ولا درهماً ولا عبداً ولا أمةً إلاّ بغلته البيضاء التي كان يركبها ، وسلاحه ، وأرضا جعلها لابن السبيل صَدَقَةً ". (رواه لبخاري).**

ئەلى: ئەمىر (عمرو بن الحارث) دىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دىدى: « پەيغەمبەر (الله عليه وسلم) دىنار، دىرھەم، قۇل، دىدەك قاتارلىقلارنى قالدۇرۇپ دۇنيادىن كەتمىدى پەقەتلا ئۆزى مىنگەن ئاق خىچىرىنى ۋە ئۇرۇش قىلىدىغان قوراللىنى ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەدىقە قىلغان زىمىننى قالدۇرۇپ كەتتى.» (رواه لبخاري)

**المدرس: اقرأ البيت يا إبراهيم.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئىبراھىم، بېيتنى ئوقوغىن.

**إبراهيم: ألاَ كُلُّ شيءٍ ما خَلا الله باطِلٌ وكلُّ نَعِيمٍ لا مَحَالَةَ زائِلُ**

ئىبراھىم: بىلىڭلاركى اللەدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە باتىلدۇر،

شۇبھىسىزكـــــى، ھەرقانداق نىئمەت يوقالغۇچىدۇر.

**( يدخل المراقب ويسلّم )**

(كۈزەتچى كىرىدۇ ۋە سالام بېرىدۇ)

**المراقب:  ينصرف جميع الطلاب الآن ما عدا الطلاب الأوربيين ، فلهم اجتماع مع المدير.**

كۆزەتچى:  هازىر ئوقوغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قايتىدۇ بىراق ياۋروپالىق ئوقوغۇچىلار قايتمايدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇدىر بىلەن يىغىلىشى بار.

**المدرس:  كيف كان حفلُ الشّاي أمس . أنا لم أَتَمَكَّنْ من الحضور.**

ئوقۇتقۇچى: تۈنۈگۈنكى چاي يىغىلىشى قانداق بولدى. مەن كىلەلمىگەنتىم.

**المراقب:  كان قد حضر الطلاب كلهم إلا المدرسينَ.**

كۆزەتچى:  ئوقوغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كەلدى لىكىن ئوقۇتقۇچىلار كەلمىدى.

**(يسلّم المراقب ويخرج)**

(كۆزەتچى سالام قىلىدۇ ۋە چىقىپ كىتىدۇ)

## بۇ دەرستىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: ئىستىسنا (اِسْتِثْنَاء) توغرىسىدا

ئىستىسنا ــ ئىستىسنا قوشۇمچىسىدىن كېيىن كەلگەن ھۆكۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھۆكۈمدىن ئايرىپ چىقىرىۋېلىشتىن ئىبارەت.

مەسىلەن: «نَجَحَ الطُّلاّبُ إِلّا حَامِدًا» دېسەك، نەتىجە ئوقۇغۇچىلارغا ئىسپاتلىنىپ، ھامىدتىن يوققا چىقىرىلغان.

ئىستىسنانىڭ ئۈچ مۇھىم بۆلىكى بار. ئۇلار: 1) ئىستىسنا قىلىنغۇچى (المستثنى)؛ 2) ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (المستثنى منه)؛ 3) ئىستىسنا قوشۇمچىسى (أَدَاةُ الإستثناء)دىن ئىبارەت. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| حَامِدًا | إِلّا | الطُّلاّبُ | نَجَحَ |

ئىستسنا قىلىنىلغۇچى   ئىستسنا قوشۇمچىسى   ئىستسنا قىلىنغۇچى

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىستسنا قوشۇمچىلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى:

1) «إِلَّا» ـــ بۇ ھەرپتۇر؛

2) «غَيْر» ۋە «سِوَى» ـــ بۇ ئىككىسى ئىسىمدۇر.

3) «ما خلا» ۋە «ما عدا» ـــ بۇ ئىككىسى پېئىلدۇر.

## 2- مەزمۇن: ئىستسنانىڭ قىسىملىرى توغرىسىدا

ئىستسنا ـــ ئىستسنا قىلىنغۇچى (مستثنى) ۋە قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ بىر جىنستىن بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن مۇتتەسىل (مُتَّصِلٌ) ئىستسنا ۋە مۇنقەتىئ (مُنْقَطِعٌ. ) ئىستسنا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مۇتتەسىل ئىستسنا ـــ ئىستسنا قىلىنغۇچى (مستثنى) ئىستسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ بىر قىسمى بولغان ئىستسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

نَجَحَ الطُّلّابُ إِلَّا حَامِدًا

(ھامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار مۇۋاپپەقىيەت قازاندى)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ مىسالدا ئىستسنادا ئىستسنا قىلىنغۇچى (يەنى ھامىد) ئىستسنا قىلىنىلغۇچى (ئوقۇغۇچىلار)نىڭ جىنسىدىندۇر.

مۇنقەتىئ ئىستسنا ـــ ئىستسنا قىلىنغۇچى (مستثنى) ئىستسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ بىر قىسمى بولمىغان ئىستسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

لِكُلِّ داءٍ دَوَاءٌ إِلَّا الْمَوْتَ

(ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كېسەلنىڭ دورىسى بار)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ مىسالدا ئىستسنا قىلىنغۇچى (يەنى ئۆلۈم) ئىستسنا قىلىنىلغۇچى (يەنى كېسەل)نىڭ جىنسىدىن ئەمەس.

ئىستسنا ـــ جۈملىدە ئىستسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ تىلغا ئېلىنىش-ئېلىنماسلىقىغا ئاساسەن يەنە تام (تامٌ) ئىستسنا ۋە مۇپەررەغ (مُفَرَّغٌ ) ئىستسنا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

تام ئىستسنا ـــ جۈملىدە ئىستسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه) تىلغا ئېلىنغان ئىستسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

حَفِظْتُ الْقُرْآنَ إِلَّا سُورَةَ الْبَقَرَةِ

(مەن «قۇرئان كەرىم»نى يادلىدىم، لېكىن سۈرە بەقەرەنى يادلىمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

مۇپەررەغ ئىستىسنا ــ جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنغۇچى (مستثنى منه) تىلغا ئېلىنمىغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

مَا جَاءَ إِلَّا حَامِدٌ (پەقەت ھامىدلا كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىستىسنا ــ بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن مۇۋجەب (بولۇشلۇق) ئىستىسنا ۋە غەيرى مۇۋجەب (بولۇشسىز) ئىستىسنا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

مۇۋجەب ئىستىسنا ــ بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

حَضَرَ الطُّلاّبُ إِلَّا حَامِداً

(ھامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

غەيرى مۇۋجەب ئىستىسنا ــ بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

مَا جَاءَ إِلَّا حَامِدٌ (ھامىدتىن باشقىسى كەلمىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**«إِلَّا» بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان ئىستىسنا قىلىنغۇچىغا ئائىت قائىدىلەر:**

1) مۇتتەسىل ئىستىسنادىكى قائىدىلەر:

(1) ئەگەر ئىستىسنا تام ۋە مۇۋجەب بولسا (يەنى جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى تىلغا ئېلىنغان بولسا ۋە ئۇنىڭدا بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرى بولمىسا)، ئىستىسنا قىلىنغۇچىنى زەبەرلىك ئوقۇش ۋاجىب (زۆرۈر)تۇر. مەسىلەن:

رَأَيْتُ الطُّلاّبُ إِلَّا حَامِداً

(مەن ھامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنى كۆردۈم)

دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ئەگەر ئىستىسنا تام، لېكىن غەيرى مۇۋجەب بولسا (يەنى جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى تىلغا ئېلىنغان، لېكىن ئۇنىڭدا بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرى بولغان بولسا)، ئىستىسنا قىلىنغۇچىنى زەبەرلىك ئوقۇش ۋە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچىغا ئەگەشتۈرۈش ئىككىلىسى دۇرۇس. مەسىلەن:

مَا حَضَرَ الطُّلاّبُ إِلَّا حَامِداً / حَامِدٌ

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلمىدى)

مَا سَأَلْتُ الطُّلاّبَ إِلَّا حَامِدًا / حَامِدًا

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنى سورىمىدىم)

مَا اتَّصَلْتُ بالطُّلاّبِ إِلَّا حَامِدًا / حَامِدٍ

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچراشمىدىم)

دىققەتكە ئوخشاش.

(3) ئەگەر ئىستىسنا مۇپەررەغ ھەمدە غەيرى مۇۋجەب بولسا (يەنى جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى تىلغا ئېلىنمىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئىنكار، نەھىي ۋە سوراق قوشۇمچىلىرى بولغان بولسا)، ئامىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە تەركىب بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

لا يَخْرُجْ إِلَّا حَامِدٌ (هامىدتىن باشقىسى چىقمىسۇن)

لا اسْأَلْ إِلَّا حَامِدًا (هامىدتىن باشقىنى سورىما)

هَلْ جَاءَ إِلَّا حَامِدٌ (هامىد كەلدىمۇ)

دىققەتكە ئوخشاش.

2) مۇنقەتىئ ئىستىسنادىكى قائىدە: بۇنىڭدا ئىستىسنا قىلىنغۇچىنى ھەرقانداق ھالەتتە زەبەرلىك ئوقۇش ۋاجىب (زۆرۈر). مەسىلەن:

حَضَرَ الطُّلاّبُ إِلَّا الْمُدَرِّسَ

(ئوقۇغۇچىلار كەلدى، لېكىن ئوقۇتقۇچى كەلمىدى)

مَا حَضَرَ الطُّلاّبُ إِلَّا الْمُدَرِّسَ

(ئوقۇغۇچىلار كەلمىدى، لېكىن ئوقۇتقۇچى كەلدى)

دىققەتكە ئوخشاش.

**«غَيْر» ۋە «سِوَى» بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان ئىستىسنا قىلىنغۇچىغا ئائىت قائىدە:**

«غير»گە « إِلَّا» بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان ئىستىسنا قىلىنغۇچىغا ئوخشاش ئىئراب بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَ الطُّلاّبُ غَيْرَ حَامِدٍ (جَاءَ الطُّلاّبُ إِلَّا حَامِدًا)

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

مَا جَاءَ الطُّلاّبُ غَيْرُ حَامِدٍ (مَا جَاءَ الطُّلاّبُ إِلَّا حَامِدًا / حَامِدٌ)

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلمىدى ياكى پەقەتلا هامىد كەلدى)

**«ما خلا» بىلەن «ما عدا» بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان ئىستىسنا قىلىنغۇچىغا ئائىت قائىدە:**

بۇلار بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان ئىستىسنا قىلىنغۇچى داۋاملىق زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَ الطُّلاَّبُ مَا خَلا حَامدًا / مَا عَدَا حَامدًا

(ھامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

### 3- مەزمۇن: «أَلَا» توغرىسىدا

«أَ لا كُلُّ شَيْء ... » دېسەك، بۇ يەردىكى «أَ لا » باشلاش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَ لا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ﴾

(بىلىڭلاركى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر)

دېگەنگە ئوخشاش.

## تمارين

1- أجب عن الأسئلة الآتية:

(1)من الذي رسب في الاختبار الشهري؟ ولمه؟

(2)كم درساً يدرس الطلاب لامتحان؟

(3)من الذي غاب؟

2- (نجح طلاب كلُهم إلا واحداً) هنا (واحداً) مستثنى.

الاستِثْنَاءُ: إِخْرَاجُ ما بعدَ أداةِ الاستثناءِ من حُكْمِ ما قَبْلها، فإذا قلنا: (نجح الطلابُ إلاّ حامداً) ، أَثْبَتْنَا النَّجاح للطلاّب ونَفَيْنَاهُ عن حامدٍ.

وله ثلاثة أركانٍ:

(1)المُسْتَثْنَى. (2)المستثْنَى مِنْه. (3)أَداةُ الاستِثْنَاءِ.

| | | |
|---|---|---|
| نجح الطلابُ | إلا | حامداً. |
| المستثنى منه | أداة الاستثناء | المستثنى |

أَدَواتُ الاستثناءِ كثيرةٌ، أهمُّها:

(أ) إلا: وهي حَرْفٌ.

(ب) غَير وسِوَى: وهما اسْمانِ.

(ج) مَا خَلا ومَاعَدا: وهما فِعْلانِ.

أقسام الاستثناء:

_الاستثناء إمّا مُتَّصِلٌ ، وإمّا مُنْقَطِعٌ.

فالمتّصلُ :أن يكون المُسْتَثْنَى بَعْضاً ممّا قبلَه، نحو :نجح الطلاب إلا حامداً، ف(حامد) أحد الطلاب وهو من جِنْسِهم.

والمنقطع :أن لا يكون المستثنى بعضاً ممّا قبله، نحو: لِكُلِّ دَاءٍ دَواءٌ إلا المَوْتَ، ف (الموتُ) ليس من جِنْسِ الدَّاءِ.

_وكذلك الاستثناءُ إمّا تامٌ ، وإما مُفَرَّغٌ.

فالتامّ :ما ذُكِرَ فيه المُسْتَثْنَى منه، نحو: حفظت القُرآنَ إلاّ سورةَ البَقَرةِ.

والمُفَرَّغُ :ما لم يُذْكَرْ فيه المستثنى منه، نحو: ما جاءَ إلا حامدٌ.

_وكذلك الاستثناءُ إمّا مُوجَبٌ ، وإمّا غيرُ مُوجَبٍ.

فالموجَبُ :ما خَلا مِن النَّفْيِ، والنَّهْيِ والاسْتِفْهَامِ.

وغيرُ الموجَبِ :ما تَضَمَّنَ النفْيَ أو النهْيَ أو الاستفهامَ.

<u>أحْكامُ المستثنى ب(إلا):</u>

–حكم المستثنى في الاستثناء المتصل.

(1)وجوب النصب :يَجِبُ نصبُه إذا كان الاستثناءُ تامّاً موجَباً، نحو:

(أ) حضر الطلابُ إلا حامداً.

(ب) رأيت الطلابَ إلا حامداً.

(ج) اتّصلت بالطلابِ إلا حامداً.

(2)جوازُ النصب والاتْباعِ :يجوزُ نصبُه وإتْباعُه لِمَا قَبْلَه في الإعراب إذا كان الاستثناء تامّاً غيرَ موجَبِ، نحو:

(أ) ما حضر الطلابُ إلا حامداً /حَامدٌ.

(ب) ما سألت الطلابَ إلا حامداً /حامداً.

(ج) ما اتصلت بالطلابِ إلا حامداً/ حامدٍ.

(أ) لا يخرجْ أحدٌ إلا حامداً /حامدٌ.

(ب) لا تسألْ أحداً إلا حامداً /حامداً.

(ج) لا تَتَّصِلْ بأحدٍ إلا حامداً/ حامدٍ.

(أ) هل غاب أحدٌ إلا حامداً /حامدٌ ؟

(ب) هل رأيت أحداً إلا حامداً /حامداً؟

(ج) هل اتصلتَ بأحدٍ إلا حامداً /حامدٍ ؟

(3)إعرابُه بحَسَب ما يَقْتَضِيه العاملُ :يُعْرَبُ بحسب ما العاملُ –كمَا لو كانَت (إلاّ) غيرَ موجودةٍ – إذا كان الاستثناءُ مفرَّغاً نحو:

(أ) ما جاءَ إلا حامدٌ . (ما جاءَ حامدٌ )

(ب) ما سألت إلاّ حامداً. (ما سألتُ حامداً)

(ج) ما اتصلتُ إلا بحامدٍ . (ما اتصلتُ بحامدٍ ).

(أ) لا يخرج إلا حامدٌ.

(ب) لا تسأل إلا حامداً.

(أ) هل جاءَ إلا حامدٌ ؟

(ب) هل رأيت إلا حامداً؟

-حكم المستثنى في الاستثناء المُنْقَطع:

يجب نصبه في الأحوالِ، نحو:

(أ) حضر الطلابُ إلا المدرسَ.

(ب) ما حضر الطلابُ إلا المدرسَ.

-حكم المستثنى بـ(غير وسوى)

حكمُه الجرُّ بالإضافة .وتُعْرَبُ (غير) بما كان يُعْرَبُ به المستثنى مع (إلا):

(1) جاء الطلاب غيرَ حامدٍ (جاء الطلاب إلا حامداً).

(2) ما جاء الطلابُ غيرُ حامدٍ .( ما جاء الطلاب إلا حامداً/ حامدٌ ).

(3) ما جاء غيرُ حامدٍ . (ما جاءَ إلا حامدٌ ).

(4) ما سألت غيرَ حامدٍ . (ما سألت إلا حامد اً).

(5) ما اتصلت بغيرِ حامدٍ . (ما اتصلت إلا بحامِدٍ ).

– حكم المستثنى بـ (مَا خَلا، ومَا عَدَا):

حكمه النصب، نحو: جاء الطلاب ما خلا حامداً/ ما عدا حامداً

3- استخرج من الدرس ما ورد فيه من أمثلة الاستثناء، وأذكر نوع كل واحد منها، و إعرابه.

4- عين المستثنى والمستثنى منه فيما يأتي، واذكر نوع الاستثناء في كل مثال:

(1) {وَلَا تَقُولُوا علَى اللهِ إِلاَّ الْحَقَّ }[النساء/ 171].

(2) {وَلَا يَلْتَفِت مِنكُمْ أَحَدٌ إِلاَّ امْرَأَتَك}[هود/ 81].

(3) {وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوب إلاَّ اللهُ} [ آل عمران / 135].

(4) {وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تعبدوا إلا إياهُ} [ الإسراء 23].

(5) {وَمَا يهلكُنا إلاّ الدَّهرُ }[ الجاثية/ 24].

(6) {فَإِنَّهم عدُوٌّ لِي إِلاّ رَبَّ العَالَمِينَ}[ الشعراء/77].

5- أمام كل جملة مما يأتي اسم. اجعله مستثنى بـ(إلا) وأكمل به الجملة:

(1)يغفر الله الذنوبَ كلِّها إلا. ........................ (الشِّرْكُ)

(2)زارني جميعُ زُمَلائي إلا. ........................ (أثْنَانِ)

(3)نجح الطلاب كلُّهم إلا. ........................ (المهملونَ)

(4)حفظت القرآن إلا. ........................ (سُورتان)

(5)زرت البلاد الإسلامية كلها إلا. ........................ (باكِستانُ)

(6)ساعدني جميع زملائي إلا. ........................ (أنت)

(7)فهمت المسائلَ النَّحْوية كلَّها إلا. ........................ (واحدةٌ)

(8)قرأت الكتاب كله إلا منه. ........................ (صَفَحاتٌ)

6- أمام كل جملة مما يأتي اسم. اجعله مستثنى بـ(إلا) وأكمل به الجملة:

(1)ما رَسَبَ أحدٌ إلا . ........................ (خالدٌ)

(2)ما أكلت شيْئاً إلا. ........................ (تَمْرَتَانِ)

(3)لم يسافِرْ الطلابُ في عطلة الربيع إلا. ........................ (بَعْضُهم)

(4)لا تَتَّصِلْ بِأَحَدٍ إلا. ........................ (المدير)

(5)هل يَغْفِرُ الذنوبَ أحدٌ إلا. ........................ (اللّٰه)؟

(6)ما سألت أحداً إلا . ........................ (هو)

7- أمام كل جملة مما يأتي اسم. اجعله مستثنى بـ(إلا) وأكمل به الجملة:

(1)ما فهم الدرسَ إلا. ........................ (إبراهيمُ)

(2)ما مات في الحادث إلا. ........................ (السائقُ)

(3)ما يحبّ المدرِّسُ إلا. ........................ (المجتهدُ)

(4)هل يرسُب إلا. ........................ (الكَسْلان)

(5)ما أكلت إلا. ........................ (بُرْتُقالَتانِ)

(6)ما سأل المدرسُ إلا . .......................... (أنا)

(7)ما كنت إلا. .......................... (مدرس)

8- أمام كل جملة فيما يأتي اسم. اجعله مستثنى بـ(إلا) وأكمل به الجملة:

(1)كتبت الرسالة إلا. .......................... (العُنْوان)

(2)ما يتناول المريض الطعام إلا. .......................... (الدَّواء)

(3)غَادَرَ الحجّاج مِنىً إلا . .......................... (الشُّرْطة)

(4)ما أحضرت الكتب إلا. .......................... (الدفاتر)

(5)ما مات الركّاب في الحادث إلا. .......................... (المُشَاة)

9- أكمل كل جملة مما يأتي بمستثنى مناسب:

(1)ما ظَنَنْتُك إلا. ...................................

(2)أحبّ الفَوَاكِهَ كلّها إلا. ...................................

(3)ما رسب الطلاب إلا. ...................................

(4)ما غاب اليوم إلا. ...................................

(5)ما أرغب في شيء إلا. ...................................

(6)ما كتبت شيئاً إلا. ...................................

- (أَلا كلُّ شيءٍ ...) . (أَلا) حرفُ اسْتِفْتَاحٍ وَتَنْبِيهٍ ، نحو: {أَلا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ} [البقرة/13] . {أَلا إِنَّ أَوْلِيَاءَ اللهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلا هُمْ يَحْزَنُونَ} [يونس/62].

10- هات جع الأسماء الآتية:

دِرْهم. عَبْد .أَمَةٌ . سِلاحٌ.

11- (شَرْحٌ ) مصدر (شَرَحَ يَشرَحُ)، وهو على وزن (فَعْل).

هات مصادر الأفعال  الآتية على وزن (فَعْل):

ضَرب، قَتَلَ،  فَتَحَ، شَقَّ.

12- ما معنى "الأَمَة  "  وما جَمْعُها؟

13- "دِينار" جمعه"  دَنَانِير" على غير قياس، إذ القياسُ أن يكون "دَيَانِير."

اجمع الأسماء  الآتية هذا الجمع:

دِيوان، قِيراط،  دِيْماس.

14- (أخْشَى أن أكونَ إيَّاهُ). إذا كان خبرُ "كَانَ " ضميراً يجوز فيه الاتِّصالُ والانفصالُ، فيجوز أن نقول: "أخشى أنا أكونَهُ ."

هاءَ مثالين آخرين:

(أ) أكُنْتَ إمامَ  هذا المسجد؟ — نعم، كُنْتُ  إيَّاه/ كنْتُهُ.

(ب) أتُريد أن تكون  قَاضِياً؟ — لا، ما أريدُ أن  أكونَ إيَّاه/ أكُونهُ.

# (33)الدرس الثالث و الثلاثون

المدرس: يا أحمد، هل تَفْتَحَنَّ النوافذ والبرد شديد؟. لا تفتحنّها إلا النافذة الصغيرة... هلا تُنظِّفُنَّ السبّورة يا إخوان. أريد أن أقول لكم شيئاً مهمًّا فاستَمِعُنَّ إليّ . إنّ مِنْ أهَمِّ واجبات المسلم الدَّعْوةَ إلى اللّه. قال عز وجل: {كُنْتُمْ خَيرَ أُمّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاس تَأْمُرُونَ بالمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنْ المُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ باللهِ} [آل عمران/ 110]. وقال عزَّ مِنْ قائل: {وَمَنْ أحْسَنُ قَولاً مِّمَّنْ دعَا إلى الله وَعَمِلَ صَالحِاً وقَالَ إنَّني مِنَ المُسْلِمِينَ} [فصلت/33].فعلينا أن ندعو الناس إلى دين الله.

ئوقۇتقۇچى: ئى ئەھمەد، ھاۋا سوغۇق تۇرسا دىرىزىنى ئېچىۋەتتىڭمۇ؟ سەن پەقەت كىچىك دىرىزىنى باشقىسىنى ئاچمىغىن... ئى قىرىنداشلار. دوسكىنى پاكىزە سۈرتمىدىڭلارمۇ؟ مەن سىلەرگە مۇھىم بىر سۆزنى دېمەكچى گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار. شۈبھىسىزكى، مۇسۇلماننىڭ ئەڭ مۇھىم مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى ئاللاغا دەۋەت قىلىش. الله (عز وجل)مۇنداق دەيدۇ:

{(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان الله قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.} [آل عمران/ 110].

{ الله قا (يەنى الله نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ [33]} [فصلت/33]

بىز كىشلەرنى اللّٰهنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشىمىز لازىم.

أحمد: وَاللهِ لأَدْعُوَنَّ الناسَ إلى دين الله في بلدي.

ئەھمەد: الله بىلەن قەسەم مەن شەھەرىمدە كىشلەرنى اللّٰهنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىمەن.

علي: واللهِ لأَنْشُرَنَّ الإسلامَ في بلدي.

ئەلى: الله بىلەن قەسەم شەھەرىمدە ئىسلامنى تارقىتىمەن.

حامد: وَاللهِ لَنُحَارِبَنَّ الشِّرْكَ والبِدْعَةَ في بلدنا.

ھامىد: الله بىلەن قەسەم ئەلۋەتتە بىز شەھەرىمىزدە شىرىك ۋە بىدئەتكە قارشى تۇرىمىز.

زهير: وَاللهِ لا نترُكُ الكفَّارَ ينشرون دينهم في بلاد المسلمين.

زۇھەير: الله بىلەن قەسەم بىز كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىدە ئۆز دىنىنى تارقىتىشىغا يول قويمايمىز.

وِلْيَمُ: وَاللهِ لَسَوْفَ أُؤَلِّفُ كتباً باللغة الإنكليزية لِشَرْحِ تَعالِيمِ الإسلام.

ۋىليەم: الله بىلەن قەسەم ئەلۋەتتە مەن ئىسلام تەلىماتلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىنگلىسچە كىتاپلارنى تۈزۈپ چىقىمەن.

المدرس: بارك الله فيكم وَوَفَّقَكُمْ لما فيه خَيرٌ ا لإسلام والمسلمين. واعلموا أن الله سُبْحَانَهُ وتَعالَى عَلَّمَنا الطريقَةَ الصحيحة للدعوة إذْ قال: {ادْعُ إلى سَبِيل

**ربِّك باَلحِكْمَةِ والموعِظة الحَسَنةِ، وجادِلْهم بالّتي هي  أَحْسَنُ } [ النحل / 125]. فعلينا أن نتَّبع هذه الطريقة.**

ئوقۇتقۇچى: اللّٰه سىلەرگە بەركەت بەرسۇن، اللّٰه سىلەرنى ئۇنىڭدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق بولغان ئىشلارغا باشلىسۇن. شۇنى بىلىڭلاركى اللّٰه (سُبْحَانَهُ وتَعَالَى) بىزگە دەۋەتنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دىدى:

{پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكەن. } [ النحل / 125]

بىز دەۋەت قىلىشتا مۇشۇ يولغا ئەگىشىشىمىز كېرەك.

**علي: والله لَنُحِبُّك يا أستاذ فإنّك لَمُرَبٍّ عظيم. جزاك الله عنّا أحسن الجزاء.**

اللّٰه بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئى ئۇستاز، بىز سىزنى ياخشى كۆرىمىز چۈنكى سىز ئۇلۇغ تەربىيچى. اللّٰه بىزنى ئالرقىلىق ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن.

**المدرس: اقرأ الآيات يا عبد الله.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ئابدۇللاھ ئايەتلەرنى ئوقۇغىن.

**عبد الله: (بعد الاستعاذة والبسملة) {ولا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللهِ أمْوَاتاً بَلْ  أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ}[ آل عمران/ 169].**

ئابدۇللاھ: (پاناھلىق تىلگەن ۋە بىسمىللا بىلەن باشلىغاندىن كېيىن)؛

{ الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرۇلىدۇ) [169]}

**{ولَيَنْصُرَنَّ الله مَنْ يَنْصُرُهُ}[الحج/ 40].**

{ كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ،}

**{إِمّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الكِبَرَ أَحدُهُما أَوْ كِلاهُمُا فَلا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ ولَا تَنْهَرْهُمُا وقُلْ لَهُمَا قَولاً كَرِيماً}[الإسراء/23] .**

{ ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن) ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن [23]}

**المدرس: اقرأ الحديث يا هشام.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ھشام ھەدىسنى ئوقۇغىن.

**هشام: عن البراَءُ بن عَازِب قال :رأيت النبي صلى الله عليه وسلم يوم الخَنْدَق ينقل التراب وهو يقول :**

هشام: بەرا (البرَاءُ بن عَازب) دىن نەقلى قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دىگەن: «مەن پەيغەمبەر (صلى الله عليه) نىڭ خەندەك كۈنىدە توپا يۆتكەۋىتىپ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم:

والله لولا الله ما اهْتَدَيْنَا ولا تَصدَّقنا ولا صَلَّيْنا
فَأَنْزلَنْ سَكِينَةً علينا وثَبِّتْ الأقْدامَ إنْ لاقَيْنَا
والمشركون قد بَغَوْا علينا إذا أرادوا فِتْنَةً أَبَيْنا
(البخاري)

رەببىمىز تاپماس ئىدۇق ھىدايەت ، بىلمەس ئىدۇق نىمىدۇر زاكات،ناماز، ئىبادەت.

بىغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك سائادەت، يولۇققاندا ياۋغا بىزنى قىلغىن سابىت،

مۇشرىكلار بىزگە تاجاۋۇز قىلدى، پىتنە تىرىماقچى بولسا بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايمىز

**المدرس: اقرأ البيت يا ولِيَم.**

ئوقۇتقۇچى: ئى ۋىلىيەم، بىيىتنى ئوقۇغىن.

**ولِيَم: إذا رأيتَ نُيُوبَ اللّيْثِ بارِزَةً فلا تَظُنَّنَّ أنَّ اللَّيْثَ يَبْتَسِمُ**

ۋىلىيەم: كۆرسەڭ سەن يولۋاسنىڭ پاقىرىغان چىشلىـــــــرىنى،
ئويلاپ قالما يولۋاس ماڭا تەبەسسۇم قىلىۋاتىدۇ دەپ.

## بۇ دەرستىكى گراممانتىكىلىق قائىدىلەر:

### 1- مەزمۇن: تەكىتنىڭ «ن»ى توغرىسىدا

تەكىتنىڭ «ن»ى ــــ ئېغىر «نِّ» ۋە يەڭگىل نۇن «ن» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: «لاَ تَحسَبَنَّ»دىكى «ن» ــــ تەكىتنىڭ ئېغىر «ن»ىدىن ئىبارەت؛ «فَأَنْزِلَنْ سَكِينَةً عَلَيْنَا»دىكى «ن» ــــ تەكىتنىڭ يەڭگىل «ن»ىدىن ئىبارەت.

تەكىتنىڭ «ن»ى بىلەن ئۆتكەن زامان پېئىلى تەكىتلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بۇيرۇق پېئىل ۋە كەلگۈسى زامان پېئىلى تەكىتلىنىدۇ.

**«ن» بىلەن تەكىتلىنىدىغان پېئىلنىڭ ئىئرابىغا ئائىت قائىدىلەر:**

1) II شەخس ئەرلىك بىرلىك پېئىللىرىغا تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلانغاندا، ئاخىرى زەبەرگە مەبنى بولىدۇ. مەسىلەن:

اذْهَبْ ← اذْهَبَنَّ (بارغىن)

لا تَذْهَبْ ← لا تَذْهَبَنَّ (بارمىغىن)

